ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى - روينۇڭ سامان بولماس

يېڭى ھايات

Йеңи һаят

1997 ژىل 8 - نويابر
شەنبە
№23
(4084)

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي - سىياسىي «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ ھەپتىلىك قوشۇمچىسى 1970 - ژىلى 1 - يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ.

رېداكسىيەدىكى ئۇچرىشىش

يېقىندا «ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچىسى «يېڭى ھايات» گېزىتلىرى رېداكسىيەسىدە ئاتاقلىق دۆلەت ئەربابى ئابدۇللا روزىباقىيېۋ تەۋەللۇدىنىڭ يۈز ژىللىقىغا تەكلىپ بىلەن گېرمانىيەدىن كەلگەن ئاتاقلىق مۇجاھىدلىرىمىزنىڭ بىرى، ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ (ۋم ت) تەسىسچىلىرىنىڭ بىرى ۋە ئۇنىڭ پرېزىدىئۇم ئەزاسى، ژۇرنالىست ئەركىن ئالپتېكىن بىلەن ئۇچرىشىش بولۇپ ئۆتتى. ئۇچرىشىشنى «ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچىسى «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىنىڭ باش مۇھەررىرى يولداش ئازاماتوۋ قىسقىچە كىرىش سۆز بىلەن ئېچىپ، ئاندىن ئەركىن ئالپتېكىنگە سۆز بەردى.

رېداكسىيەمىز مېھمىنى ئە. ئالپتېكىن ئۆز سۆزىدە موشۇ ژىل داۋامىدا ۋەتەن داۋاسى يولىدا ئېلىپ بارغان پائالىيىتى توغرىلىق توختىلىپ ئۆتتى. ئۇ بىيىل فېۋرالدا ئۇيغۇرلار دىيارىنىڭ غۇلجا شەھرىدە يۈز بەرگەن پاجىئەلىك ۋاقىئەلەر دۇنيا مەتبۇئاتىنىڭ ۋە بولۇپمۇ ئاق ش، ئانگلىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە، ئىتالىيە ۋە ياپونىيەگە ئوخشاش تەرەققىي ئەتكەن ئەللەرنىڭ ئاممىۋى ئەخبارات ۋاستىلىرىدا يورۇتۇلغانلىقىنى، موشۇ فېۋرالدا غۇلجىدا ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئادەمىي ئىنسان ھوقۇقلىرىنى تەلەپ قىلىپ ئۆتكۈزگەن تىنچلىق نامايىشىنى قىزىل خىتاي زوراۋانلىرىنىڭ رەھىمسىز باستۇرۇشقا ياخشى باھانە سۈپەت بىلەن خاتىلىقنى تەكىتلىدى.

موشۇ ۋەقەنىڭ بېشىدىن باشلاپ، - دەپ تەكىتلىدى ئاتىلىق، - دۇنيادىكى ئۇيغۇرلار ھەر خىل گېزىتلەردە ئۇيغۇرلار دىيارى شەرقىي تۈركىستان مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەر بېسىلىۋاتقانلىقى توشۇق ھەر خىل ماقالىلار ۋە مەن ھەر خىل ئاممىۋى ئەخبارات ۋاستىلىرىغا بەرگەن 25 تىن ئوشۇق ئىنتېرۋيۇ-سوھبەتلىرىم ئېلان قىلىندى. ئىلگىرى شەرقىي تۈركىستان مۇئەممەسى خەلق ئارا مەيداندا ناھايىتى ئاز پەيدا بولۇپ، ئۇيغۇرلار توغرىلىق چەت ئەللەر ئانچە خەۋەردار ئەمەس ئىدى. مانا ۋە نەتىسى قىلىنىپ، ئۆتنىڭدا شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، ئىچكى موڭغۇلىيە ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ ئۆز تەغدىرى ئۆزلىرى ھەل قىلىش ئۇقۇشى ھەم مەسىلە بارغانسىرى دۇنيادىكى تەرەققىي پەرۋەر دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلماقتا.

مەسىلەن، گېرمانىيەدە يوقىلىپ كېتىش خوۋۇپى ئاستىدىكى مىللەتلەرنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇلارغا ھەسداشلىق بىلدۈرۈش تەشكىلاتى موجۇت. مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ 70 مىڭدىن ئوشۇق ئەزاسى بار. ئەينە شو سالاھىيەتلىك تەشكىلات يەتمىش مىڭ نۇسخىدا ئۇيغۇرلار توغرىلىق، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى گېئوگرافىيەلىك مەلۇمات، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ھەققىدە خېلە تەپسىلىي ئېنىقلىمابېرىدىغان كالېندار نەشىر قىلدى. بۇمۇ خەلقىمىزنى باشقىلارغا تونۇشتۇرۇشتا تاشلانغان بىر قەدەم.

مەن چەت ئەللەردىكى ئىنسان ھوقۇقىنى ھىمايە قىلىش تەشكىلاتلىرى بىلەن دايىم ئالاقە باغلاپ، زىچ مۇناسىۋەت قىلىپ، ئۇيغۇرلار دىيارىدا يۈز بېرىۋاتقان ۋاقىئەلەر توغرىلىق ئۇلارنى خەۋەردار قىلىپ تۇرۇشقا، خىتاي زوراۋانلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ژۈگەنسىز، ئىنسان ھوقۇقىغا خىلاپلىق قىلىدىغان جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قارشى ئۇلارنىڭ تېگىشلىك قارار چىقىرىشىغا، خەلق ئارا مەيداندا خ خ ج نىڭ ب م ت نىڭ ئىنسان ھوقۇقلىرى دېكلاراتسىيەسىگە قانچىلىك خىلاپلىق قىلىۋاتقانلىقىنى پاش قىلىشقا تىرىشىمەن.

غۇلجىدا بىيىل فېۋرالدا يۈز بەرگەن قانلىق ۋاقىئەلەرگە نىسبەتەن ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ شىنجاڭ رايونىدا (شەرقىي تۈركىستاندا) ئىنسان ھوقۇقلىرىغا خىلاپلىق قىلىنىۋاتقانلىقى ھەققىدە قوبۇل قىلغان قارارى بىزنىڭ پائالىيىتىمىزنىڭ بىر مىسالى بولسا كېرەك.

ئەركىن ئالپتېكىن شۇنىڭدىن كېيىن ژۇرنالىستلارنىڭ كۆپلىگەن سوئاللىرىغا جاۋاپ بەردى.

* * *

ئەركىن ئالپتېكىن شۇنداقلا جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر تىياترىنىڭ كوللېكتىۋى بىلەن، دۈرۈبا، سۇلتانقورغان، كالىنىن، گورنىي كىگانت مەھەللىلىرىدە ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى بىلەن ئايرىم-ئايرىم ئۇچرىشىشلارنى ئۆتكۈزۈپ، جامائەتچىلىك ۋەكىللىرى بىلەن تونۇشتى، ئۆز پائالىيىتى توغرىلىق ئەخبارات بەردى ۋە سوئاللارغا جاۋاپ بەردى.

يادىكار سابىتىي.

شەنبىدىن - شەنبىگىچە

2 - نويابر كۈنى كەچقۇرۇنلىغى ۋېنگرىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ پرېزىدېنتى ئارپاد گېنتس رەسمىي سەپەر بىلەن ئالمۇتىغا كەلدى. ن. نازاربايېۋ ۋە ئا. گېنت ئىككى مەملىكەتنىڭ خەلق ئارا مەيداندىكى ھەمكارلىغى، ئۆز ئارا قىزىقىش پەيدا قىلىدىغان باشقىمۇ خەلق ئارا مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلدى.

***

قازاقستان جۇمھۇرىيىتى پرېزىدېنتىنىڭ پەرمانىغا بىنائەن تۇراقلىق تەرەققىيات بويىچە مىللىي كېڭەش توغرىلىق قائىدە تەستىقلەندى ۋە مەزكۇر كېڭەشنىڭ تەركىۋى تۈزۈلدى.

***

5 - نويابر كۈنى ئالمۇتىدا باللارنىڭ جۇمھۇرىيەتلىك ساغلاملاشتۇرۇش - ساقايتىش مەركىزى ئىشلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئېچىلىشىدا جۇمھۇرىيەت پرېزىدېنتى نۇرسۇلتان نازاربايېۋ سۆزگە چىقتى. پائالىيىتىنى باشلىغان مەركەزدە بىر ۋاقىتتا 200 گە يېقىن باللا دەم ئالالايدۇ، ئەندى بىر ژىلدا بولسا بىر نەچچە مىڭ باللا دەم ئالىدۇ، دېدى ن. نازاربايېۋ. مەركەزنىڭ ئېچىلىش مەراسىمىغا پرېمېر - مىنىستر نۇرلان بالغىمبايېۋ، سېنات رەئىسى ئۆمىربېك بايگېلدى، تۈركىيەنىڭ قازاقستاندىكى ئەلچىسى قورتۇلۇش تاشكەنت، باشقىمۇ رەسمىي شەخسلەر قاتناشتى.

***

4 - نويابر كۈنى پات يېقىندا قۇرۇلغان جۇمھۇرىيەت ئالىي ئىنتىزام كېڭىشىنىڭ دەسلەپكى مەجلىسى بولۇپ ئۆتتى. كېڭەش رەئىسى ئورالباي ئابدىكەرىموۋ مەجلىسنى ئېچىپ، دۆلەت رەھبىرى يېقىندىكى بۆيىكى مەسلىھەت - كېڭەش ئورگىنىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىلىرىنى ۋە پائالىيەت يۆنىلىشىنى تونۇشتۇردى.

***

ئىلگىرى خەۋەر قىلىنغىنىدەك، يېقىندا ئۆتكەن جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىنىڭ كېڭەشمىسىدە جۇمھۇرىيەت پرېمېر - مىنىستىرى نۇرلان بالغىمبايېۋ نويابر ئېيىنىڭ ئىچىدە «كازفوسفورنىڭ» تۇراقلىق ئىشلىشىنى تەمىنلەيدىغان ۋەزىپىنى قويدى.

***

ۋېنگرىيە پرېزىدېنتى ئارپاد گېنتس رەھبەرلىكىدىكى رەسمىي دېلېگاتسىيە تەركىۋىدە قازاقستانغا كەلگەن موشۇ مەملىكەتنىڭ سودا - سانائەت دائىرىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ئالمۇتىدىكى شەھەرلىك قېرىلار ئىنتېرنات ئۆيىگە ياردەم كۆرسەتتى.

***

مەملىكىتىمىز نەگە قەدەم تاشلاۋاتىدۇ؟ قانداق يولنى تاللاۋېلىپ، ئىستىقبالىنى قانداق ئېنىقلايدۇ؟ پرېزىدېنت تەكلىپ قىلغان قازاقستاننىڭ 2030 - ژىلغىچە ستراتېگىيەسى موشۇ سوئاللارغا ئېنىق جاۋاپ بېرىدۇ. قازاقستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىدا ژىغىلغان قەلەم ئىگىلىرىنىڭ باش قوشۇشى موشۇ مۇھىم مەسىلىگە بېغىشلاندى. جۇمھۇرىيەت يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ بىرىنچى كاتىۋى نۇرلان ئورازالىق كەسپداشلىرى بىلەن ئوچۇق سوھبەت ئۆتكۈزدى.

***

ئالمۇتا شەھرىنىڭ ھاكىمى ۋىكتور خراپۇنوۋ كورىيەنىڭ خەلق ئارا ھەمكارلىق بويىچە ئاگېنتلىغىنىڭ ۋەكىلى ئوك ئى - خومېن قازاقستان - كورىيە دوستلۇق گوسپىتالىنى سېلىش توغرىلىق كېلىشىمنى ئىمزالىدى.

***

يېقىندا خېلسىنكى شەھرىدە فىنلەندىيە تاشقى ئىشلار مىنىسترى جانابى ت. خالونېن ۋە قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ روسسىيە فېدېراتسىيەسىدىكى ھەم فىنلەندىيە جۇمھۇرىيىتىدىكى پەۋقۇلاددە ۋە تولۇق ھوقۇقلۇق ئەلچىسى ت. مانسۇروۋنىڭ ئۇچرىشىشى بولۇپ ئۆتتى. تەرەپلەر ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق مەسىلىلىرى بويىچە پىكىر ئېلىشتى.

***

جۇمھۇرىيەت پرېزىدېنتىنىڭ پەرمانىغا بىنائەن ز. خ. كەكىمجانوۋ قازاقستان جۇمھۇرىيىتى پرېزىدېنتىنىڭ ياردەمچىسى - قازاقستان جۇمھۇرىيىتى پرېزىدېنتى يېنىدىكى تۇراقلىق تەرەققىيات بويىچە مىللىي كېڭەش رەئىسىنىڭ ئورۇنباسارى بولۇپ تايىنلاندى.

***

قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەخبارات ۋە جەمىيەتلىك رازىمەنلىك مىنىسترى ئالتىنبېك سەرسېنبايېۋ ئا ق ش نىڭ قازاقستاندىكى پەۋقۇلاددە ۋە تولۇق ھوقۇقلۇق ئەلچىسى ئېلىزابېت دژونىس بىلەن سوھبەتلەشتى. سوھبەتنىڭ بېرىشىدا مىنىستر يېڭى مىنىسترلىكنىڭ تەركىۋى ۋە قازاقستان 2030 - ژىلغىچە تەرەققىيات ستراتېگىيەسىنى خەلق ئارىسىدا چۈشەندۈرۈپ بېرىشتىكى ئۇنىڭ ۋەزىپىلىرى توغرىلىق خەۋەردار قىلدى. ئۇچرىشىشقا ئا ق ش ئەخبارات خىزمىتىنىڭ مەتبۇئات بويىچە ئاتتاشېسى كارېن ل. ئۇئىلىياس قاتناشتى.

تەشەككۇرنامە

«ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچىسى «يېڭى ھايات» گېزىتلىرى رېداكسىيەسىنىڭ تەھرىراتى بەزى تۈرمۇش دەرىجىسى تۆۋەن ئائىلىلەرنىڭ «يېڭى ھايات» گېزىتىغا مۇشتىرى بولۇشى ئۈچۈن ئون مىڭ تەڭگە ئىئانە قىلغان رىشات تۇردىيېۋقا، يۈز ئا ق ش دوللىرى ئىئانە قىلغان ئۇراخمەت رەشىدوۋقا، توققۇز مىڭ تەڭگە ئىئانە قىلغان مەھەممەتجان غوجامبەردىيېۋقا ۋە تۆرت مىڭ تەڭگە ئىئانە قىلغان ئابابەكرى مەممەتتوختىيېۋقا تەشەككۇر ئىزھار قىلىدۇ.

ئۇيغۇر گېزىتلىرى - ھەر بىر ئۇيغۇر ئائىلىسىگە

ئەڭ يېقىن سوھبەتدىشىم

ئۆزىنى ئاڭلىق دەپ ھېساپلايدىغان، يەنى ئاددىيلا قىلىپ ئېيتقاندا، ئاق - قارىنى پەرىق قىلالايدىغان، دۇنيادا يۈز بېرىۋاتقان ۋاقىئەلەرگە ئۆز نۇقتەئىي نەزىرىدىن پىكىر - مۇلاھىزە قىلالايدىغان ھەر قانداق ئادەم ھازىرقى جوشقۇن، كۈن ساناپ ئالغا ئىلگىرلەۋاتقان، غايەت چوڭ ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىۋاتقان بۇ دەۋردە ئاممىۋى ئەخبارات ۋاستىلىرىنىڭ قانچىلىك چوڭ رول ئويناۋاتقانلىغىنى ياخشى چۈشىنىدۇ. شەخسەن مەن ۋە مېنىڭ بىلەن يېقىندىن ئارىلىشىپ تۇرىدىغان ئائىلىلىرىم ئۆز ھاياتىمىزنى ئۇيغۇر گېزىتلىرىسىز پەرەز قىلالمايمىز. يېقىندا ئائىلىلەر بىلەن بولغان بىر سورۇندا گېزىتلىرىمىز توغرىلىق پاراڭ بولۇپ، ھازىرقى ئېغىر ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنىڭ گېزىتلەرگىمۇ ئۆز تەسىرىنى يەتكۈزۈۋاتقانلىغىغا، نەتىجىدە گېزىتلىرىمىزنىڭ باھالىرى ئۆسۈپ ئۇلارنىڭ تىراژلىرىنىڭ بارغانسىرى تۆۋەنلەپ كېتىپ بارغانلىغىغا ناھايىتى ئېچىندۇق.

مەن مۇستەقىل قازاقستاندا ۋە شۇنداقلا چەت ئەللەردە يۈز بېرىۋاتقان، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تاپىنى ئاستىدا ئېڭىراپ تۇرغان ۋەتىنىمىزدە يۈز بېرىۋاتقان ھەر خىل ۋاقىئەلەر توغرىلىق ئەڭ يېقىن سوھبەتدىشىمغا ئايلانغان «يېڭى ھايات» گېزىتىدىن خەۋەر تېپىپ تۇرىمەن.

خەلقىمىزنىڭ مىڭلىغان ژىللىق تارىخىنى جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تارىخچىلىرى ئۆز پايدىسىغا خالىغىنىچە بۇرمىلاپ يېزىپ كەلگەن. بولۇپمۇ خىتاي تارىخچىلىرى ئۇيغۇر خەلقىنى ھېچ قاچان مۇستەقىل دۆلەت قۇرمىغان، دايىم خىتاي تەركىۋىدە ياشاپ كەلگەن «جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ» بىرى دەپ ئىسپاتلاشقا ناھايىتى ئۇرغۇن «ئەقلىي» كۈچ سەرىپ قىلىپ، قەھرىمان ۋە جاپاكەش خەلقىمىزنىڭ ھەقىقىي تارىخىنى قوپال بۇرمىلاپ بىر نەچچە ساختا كىتاپلارنى نەشر قىلغانلىغىنى بىلىمىز. ئەندى ھەقىقىي ۋەتەن تارىخىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن ئاتاقلىق تارىخچى تۇرغۇن ئالماسنىڭ «ئۇيغۇرلار» ناملىق ۋە خەلقىمىز تارىخىنىڭ مۇھىم بۇرۇلۇش پەيتلىرىگە توغرا باھا بېرىدىغان باشقا ئەسەرلىرى خىتاي تارىخچىلىرىنىڭ ساختا - ئويدۇرمىلىرىغا ئۆز ۋاقتىدا بېرىلگەن قاقشاتقۇچ زەربە بولدى.

«يېڭى ھايات» گېزىتىدىن ئەينە موشۇ ۋاقىئەلەر توغرىلىق كۆپلىگەن ماقالىلارنى ئوقۇپ، تارىخىمىزدىن خېلە خەۋەردار بولۇپ، بىلىم دائىرىمىزنى ئاشۇردۇق. بەزى چەت ئەل تارىخچىلىرىمۇ بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ، ئۆزلىرىنىڭ لىللا پىكىرىنى ئېيتىشنى ئورۇنلۇق كوردى. مەسىلەن، «يېڭى ھايات» گېزىتىدە ئامېرىكىلىق ئالىمە تارىخ پەنلىرىنىڭ دوكتورى لىندا بېنسوننىڭ «سىناققا دۇچ كەلگەن تارىخ - ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت مەسىلەلەر» دېگەن كولەملىك ماقالىسىدا تۇرغۇن ئالماسقا خىتاي ساختا تارىخچىلىرىنىڭ ۋەبەزى مىللىي مۇرتەدلەرنىڭ ھەقىقەتنى دادىل يازغانلىغى ئۈچۈن قوپال ھۇجۇم قىلىپ بوھتانلارنى چاپلىغانلىغىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ.

بىز گېزىتخانلار ئەينە شۇنداق ماقالىلارنى ئوقۇپ بەھرىلىنىپ كېلىۋاتىمىز. مۇنداق ماقالىلار ھېچ كىمنى پەرۋاسىز قالدۇرمايدۇ، ئادەمنى ئويلىنىشقا دەۋەت قىلىدۇ.

مەن ھەر ژىلى بىرىنچىلەر قاتارىدا «يېڭى ھايات» گېزىتىگە مۇشتىرى بولۇشقا ئالدىرايمەن ۋە خولۇم - خوشنا، ئەل ئاغىنىلىرىمنى مۇشتىرى بولۇشقا دەۋەت قىلىپ تۇرىمەن.

ھۆسنەجان ھاسانوۋ،
ئىشچى.
ئالمۇتا شەھرى.
دۈرۈبا مەھەللىسى.

كېلەچەك بۈگۈندىن باشلىنىدۇ

قازاقستان - 2030

ئالدا تۇرغان مەخسەتلەر ئېنىق بەلگۈلەندى

مەن مەملىكەت پرېزىدېنتى نۇرسۇلتان نازاربايېۋنىڭ قازاقستان خەلقىگە قىلغان مۇراجىتىنى چوڭ قىزىقىش بىلەن ئوقۇپ چىقتىم. بۇ ناھايىتى ئۆز ۋاقتىدا قىلىنغان مۇراجەتتۇر. دولەت رەھبىرى ياش مۇستەقىل قازاقستاننىڭ تەرەققىيات يوللىرىنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئېگە يۆنىلىشلىرىنى ئېنىق بەلگۈلەپ بەرگەن. بۇ چوڭقۇر ئويلاشتۇرۇلغان، ئاساسلاندۇرۇلغان، ئىلمىي ئاساستا ئىشلەنگەن پروگراممىلىق ھۆججەتتۇر. مەزكۇر ھۆججەت ئۈستىدە ياش، لېكىن پاراسەتلىك، سالاھىيەتلىك مۇتەخەسسىلەر ئىشلىگەنلىگى بىكار ئەمەس.

دولەت رەھبىرىنىڭ مەزكۇر مۇراجىتىدە پۈتكۈل نەزىرىيە، ئەمەلىي تەجرىبە مۇجەسسەملەنگەنلىگىنى بايقاۋېلىش تەس ئەمەس. بۇ ناھايىتى ھاياتىي پروگراممىدۇر. ئەينە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ پروگراممىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن جۇمھۇرىيەتنىڭ ھەر بىر پۇخراسى ئۆزىگە ۋۈكلەنگەن ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن قەتئىي بەل باغلىشى لازىم، بۇ دەۋىر تەلىۋىدۇر.

ئەگەر قازاقستاننىڭ خەلقى بۇ پروگراممىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقسا، مېنىڭ بۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىل، دولەت بېيىدۇ، ھەر بىر ئائىلە بېيىدۇ، بېخەتەرلىك، سالامەتلىك بولىدۇ. قازاقستان تەرەققىي ئەتكەن ئەللەر قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. ئەندى ئەڭ مۇھىمى - ئاھالى تۇرمۇشى تېخىمۇ ياخشىلىنىدۇ. نامراتلىقتىن قۇتۇلىمىز. چۈنكى قازاقستان غايەت زور بايلىقلارغا ئىگە. ئەينە شۇ بايلىقلاردىن خەلق پايدىسىغا، كېلەچەك ئەۋلاتلار پايدىسىغا توغرا، مەخسەتكە مۇۋاپىق پايدىلىنىش لازىم.

پرېزىدېنتىنىڭ مەزكۇر مۇراجىتىدە مەملىكەتنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ھەر تەرەپلىمە ئوبيېكتىۋ كۆرسىتىلگەن بولۇپ، جەمىيەتنىڭ گۈللىنىش يولىدىكى تەرەققىيات ستراتېگىيەسى، بارلىق قازاقستانلىقلارنىڭ پاراۋەنلىگىنى تېخىمۇ كۆتىرىش ۋە بېخەتەرلىگىنى تەمىنلەش يوللىرى مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن تەكلىپ قىلىنغان.

ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقان مەخسەتلەر بىلەن ۋەزىپىلەرنىڭ مىقياسلىقلىغى ئىختىيارسىز ھالدا: تەكلىپ قىلىنغان ستراتېگىيە قانچىلىك رېال ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن شەرت - شارائىت بارمۇ؟ - دېگەن سوئالنى پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭغا بىز پرېزىدېنت مۇراجىتىنىڭ ئۆزىدىن، يەنى مەزكۇر ھۆججەتنىڭ بۈگۈنكى قازاقستاننىڭ كۈچلۈك تەرەپلىرى ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى دەۋردىكى ئىمكانىيەتلىرى تەھلىل قىلىنىدىغان قىسمىدىن جاۋاپ تاپالايمىز.

ئەندى پرېزىدېنت ن. نازاربايېۋنىڭ پىكرىچە، قازاقستان جامائەتچىلىگىنىڭ جىپسىللىشىشى، ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مەۋجۇت ۋە پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان زىددىيەتلەرنى يوقىتىش، مۇمكىن بولغان بارلىق دىئالوگ - مۇزاكىرە شەكىللىرىنى رەغبەتلەندۈرۈش، ئۆز ئارا ھەرىكەت قىلىشنى ۋە ئۆز ئارا ئىشەنچنى مۇستەھكەملەش مەزكۇر ھۆججەتتە بايان قىلىنغان مەسىلىلەرنى جەمىيەت مۇئەممالىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەم قىلىدۇ.

قىسقىسى، 2030 - ژىلغىچە بەلگۈلەنگەن بۇ مۇھىم ھۆججەتتىن بارلىق قازاقستانلىقلارنىڭ گۈللىنىشى، بېخەتەرلىگىنى ۋە تۇرمۇش پاراۋەنلىگىنى تېخىمۇ ياخشىلاشقا قارىتىلغانلىغىنى كورۇۋېلىش تەس ئەمەس.

ئابدۇمېجىت روزىباقىيېۋ،
ئۇرۇش ۋە ئەمگەك ۋېتېرانى،
پۇبلىسىست.

بۈگۈنكى ئەللىك ياشلىقلارنىڭ قېرىلىغىنى تەمىنلىشى مۇمكىنمۇ؟

مابادا چوڭ ئەۋلات ۋەكىللىرى بىلەن پاراڭلىشىپ قالسىڭىز، ئۇلار پات - پاتلا بۈگۈنكى تۇرمۇشنىڭ ئېغىرلىغىغا، پېنسىيەسىنىڭ ئازلىغىغا ئەرز قىلىدۇ. باشقىچە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ھەقىقەتەنمۇ ھۆكۈمەت مانا بىر نەچچە ژىل داۋامىدا تۇراقلىق بېيۇدجېت تاپچىلىغىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىدۇ. بۇنى ئاز دەپ ئۇنىڭ پېنسىيە فوندىغا بەدەل تولەملىرىنىڭ تولۇق چۈشىشىنى تەمىنلەشكە قارىتىلغان، بەزىدە ھەتتا پرېزىدېنتىنىڭ قەتئىي تەلەپلىرى ئاساسىدا قوبۇل قىلىنغان قارارلىرى كۈتكەن نەتىجىلەرنى بەرمەيۋاتىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى تەكىتلىمەي مۇمكىن ئەمەسكى، بۈگۈن پېنسىيە سىستېمىسىدا قېلىپلاشقان ئېغىر ۋەزىيەت ئىجتىمائىي سىياسەتتە ئورۇن ئالغان ئۆتكۈنكى خاتالىقلارنىڭ مېۋىسى ئەمەس. ئۇ خېلە ئۇزاق تارىخقا ئېگە. پېنسىونېرلارنى پېنسىيە بىلەن تەمىنلەش جۇمھۇرىيەت مىقياسىدىكى مۇھىم مۇئەممالارنىڭ بىرىگە ئايلاندى. ئەھۋال ئەينە شۇنداق كەسكىنلەشكەن پەيتتە پرېزىدېنت پېنسىونېرلارنىڭ ئېغىر ئەھۋالىنى يېنىكلىتىشكە قارىتىلغان بىرمۇنچە قانۇن ھۆججەتلەرنى قوبۇل قىلدى. ئامما پېنسىيە بەلگۈلەشتە، ئۇمۇمەن پېنسىيە سىستېمىسىنى بازار ئىختىسادى تەلەپلىرىگە ماسلاشتۇرۇشتا بىرقەدەر مۇھىم رول ئوينىغان 1992 - ژىلى 18 - مارتتا قوبۇل قىلىنغان «ئىلگىرى قوبۇل قىلىنغان پېنسىيەلەر كۆلەمىنى ئاشۇرۇش توغرىلىق» قانۇن كۈچىگە ئېگە پەرمانىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. مەزكۇر ھۆججەتتە پېنسىونېرلارنىڭ ئىختىسادىي ئەھۋالىنى ياخشىلاش، ئۇلارنى پېنسىيە بىلەن تەمىنلەشتە ئىجتىمائىي ئادالەتلىك پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىش ئوخشاش مۇھىم پەيتلەر ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ئىدى. ئەپسۇس، ھۆكۈمەت ئۇنىڭ تولۇق دەرىجىدە ئورۇنلىنىشىنى تەمىنلىمىدى. ئەڭ ئېچىنارلىق يېرى، ئۇ پرېزىدېنت پەرمانىغا قارشى كېلىدىغان بىرنەچچە توختام قوبۇل قىلىشقا جۈرئەت قىلالىدى. نەتىجىدە پېنسىونېرلار ئۈچۈن ھايات كەچۈرۈش مىنىمۇمى دەرىجىسىدە ئەڭ تۆۋەن پېنسىيە بەلگۈلەش، ئىنفلەتسىيەنى ھېساپقا ئالغان ھالدا پېنسىيە كۆلەمىنى تۇراقلىق ئۆستۈرۈپ تۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمىدى. ھۆكۈمەت پېنسىيە سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىمۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق قارار قوبۇل قىلالمىدى. ئۇلار پېنسىونېرلارنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا رېگىونلارنى جەلىپ قىلىش مەخسىتىدە ۋىلايەتلىك پېنسىيە فوندلىرىغا ئايرىم مۇستەقىللىقلارنى كاپالەتلەندۈرۈشى شۇنىڭغا ئېلىپ كەلدىكى، دولەتنىڭ پېنسىيە بويىچە قەرزى كۈن ساناپ ئۆسۈشكە باشلىدى.

مابادا پرېزىدېنت بۇ خەتەرلىك تېندېنسىيەنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە چارىلارنى ئۆز ۋاقتىدا كۆرمىگىنىدە، جۇمھۇرىيىتىمىزدە چوقۇم ئىجتىمائىي پارتلاش يۈز بېرەتتى. ئەندى ئۇ بولسا، ئۆز نۆۋىتىدە ئىختىسادىي ئىسلاھاتلارنى ۋۇرگۈزۈشكە، ئېلىمىز بېخەتەرلىگىنى تەمىنلەشكە سەلبىي تەسىرىنى يەتكۈزەتتى. ئېلىمىز رەھبىرىنىڭ پېنسىيە سىستېمىسىنى ئىسلاھات قىلىشقا جىددىي ئەھمىيەت بېرىشىنىڭ سەۋەبىمۇ ئالدى بىلەن ئەينە شۇ خوۋۇپلۇق تېندېنسىيەلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا قارىتىلغاندۇر.

مەلۇمكى، قازاقستاندا 1998 - ژىلى 1 - يانۋاردىن باشلاپ، پۇخرالارنى پېنسىيە بىلەن تەمىنلەشنىڭ يېڭى سىستېمىسى ئىشلەشكە باشلايدۇ. ئۇنىڭ مەخسىتى پۇخرالارنىڭ قېرىلىغىنى تەمىنلەش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مەبلىغى دولەت ھەم ئوچۇق ۋە يېپىق تېپتىكى شەخسىي كورپوراتىۋلىق فوندلارغا توپلاشتۇر، ئەندى ئۇلار توغرىلىق چۈشەنچە بېرىش كېرەك بولسا، مېنىڭچە، دولەت فوندلىرىغا تەپسىلىي توختىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇلار بىزگە ئىلگىرىدىن ياخشى تونۇش. يېڭى سىستېمىغا كۆچكەندىمۇ ئۇلار دولەت نازارىتىدا پائالىيەت ۋۇرگۈزىدىغان بولىدۇ.

ئوچۇق ۋە يېپىق تېپتىكى كورپوراتىۋلىق فوندلارنى قۇرۇش ئۇلارنى تەسىس قىلغۇچىلارغا ھەرگىز يېنىككە چۈشمەيدۇ. مەسىلەن، يېپىق تېپتىكى فوندنىڭ ئۇستاۋ فوندى 10 ملىيون، ئەندى ئوچۇق تېپتىكى فوندنىڭ 55 مىللىون تەڭگىدىن كام بولماسلىغى كېرەك. بۇنىڭدا ھەر قانداق تەسىسچىنىڭ ئۇمۇمىي ئۇستاۋ فوندىدىكى ئۇلۇشى 25 پائىزدىن ئۇستۇن بولمايدۇ. بۇ فوند پائالىيىتىنى نەتىجىدارلىق نازارەت قىلىشنىڭ، پۇخرالار مەبلىغىنىڭ ساقلىنىشى كاپالەتلەندۈرۈشنىڭ مۇھىم ئامىلىدۇر.

كورپوراتىۋلىق فوندلار توپلانغان مەبلەغكە ئاكسىيەلەرنى چىقىرىش ۋە ئۇلارنى قىممەت باھالىق قەغەزلەر بازارىدا سېتىش ئارقىلىق پۇخرالار تاپشۇرغان مەبلەغنىڭ تۇراقلىق ئۆسۈشىنى تەمىنلىشى كېرەك. بۇ جەھەتتىن ئۇلار دولەت فوندلىرىغا قارىغاندا بىر قەدەر ئۇستۇنلۇككە ئېگە. ئاكسىيەلىرى ئۆزىنىڭكى، ئۇلارغا ئۆزلىرى خالىغان باھانى قويىدۇ. دولەت فوندلىرى بولسا پەقەت دولەتنىڭ قىممەت باھالىق قەغەزلىرى بىلەن ئىشلەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا كورپوراتىۋلىق فوندلار خىزمەتچىلىرىنىڭ تاپاۋىتى ئاخىرقى نەتىجە بىلەن باغلاشتۇرۇلغان. دولەت فوندلىرىنىڭ خىزمەتچىلىرى ئۈچۈن بولسا تۇراقلىق مائاش بەلگۈلەنگەن. كۆرۈپ تۇرۇپسىزكى، بۇ يەردە مەنپىيەتدارلىق ھەر خىل.

پېنسىيە ئىسلاھاتى توغرىلىق ماقالىمىزنى پرېزىدېنت ن. نازاربايېۋنىڭ مەكتۇبىدىكى ئايرىم پىكىرلەرگە ئىزاھ بەرمەستىن ئاياقلاشتۇرۇش مۇۋاپىق بولماس. مەلۇمكى، ئېلىمىز رەھبىرى ئۆز مەكتۇبىدا پېنسىيە مەسىلىسىگە ئالاھىدە توختالمىغان. ئامما بۇ «پرېزىدېنتىمىز چوڭ ئەۋلات ۋەكىللىرىنىڭ ئېغىر تۇرمۇشى توغرىلىق ئۇنتۇپ قاپتۇ» دېگەنگە ئوخشاش ناتوغرا پىكىرگە كېلىشىمىزگە ئاساس بولماسلىغى كېرەك. ئۇ كەمبەغەللىكنى يوقىتىش، ئاھالىنىڭ پاراۋەنلىگىنى كۆتىرىش توغرىلىق سۆز قىلغاندا، مېنىڭ شۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىلكى، ئالدى بىلەن تۇرمۇشى ناچار پېنسىونېرلارنى كۆز ئالدىدا تۇتقان. چوڭ ئەۋلات ۋەكىللىرىگە ئىلگىرىكىدەكلا غەمخورلۇق قىلىنىدىغان بولىدۇ. ئىختىسادىي ئىسلاھاتلارنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئالغا سۈرۈشنىڭ سەۋەبىمۇ ئەينە شۇنىڭدىدۇر.

ئازات قۇرۋان.

قازاقستان پرېزىدېنتى نۇرسۇلتان نازاربايېۋنىڭ 2030 - ژىلغىچە بەلگۈلەنگەن بارلىق قازاقستانلىقلارنىڭ تۇرمۇش دەرىجىسىنى كۆتىرىش، ئىجتىمائىي - سىياسىي ئىمتىيازلىرىنى مۇستەھكەملەش، دولەت ۋە ئاھالى بېخەتەرلىگىنى كۈچەيتىشكە قارىتىلغان مەكتۇپ - باياناتىدا ئوزۇق - تۈلۈك مولچىلىغىنى يارىتىش ئامىلى بولغان يېزا ئىگىلىگىنى تەرەققىي ئەتكۈزۈشكىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بولۇنگەن.

يېزا ئىگىلىگى تەرەققىياتىغا ئېتىۋار كۈچەيتىلىدۇ

مەلۇمكى، جۇمھۇرىيەت يېزا ئىگىلىگى ھازىرقى ۋاقىتتا ئېغىر بوھراننى باشتىن كەچۈرمەكتە. دولەت ئىگىلىكلىرىنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇش باشلانغاندىن بېرى ئىلگەركى كولخوز، سوۋخوزلار ۋە گوش ھەم سۈت مەھسۇلاتلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان فېرمىلار ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان. ئىگىلىكلەرنىڭ ئاساسىي بايلىغى - ئىشلەپ چىقىرىش تېخنىكىلىرى بىلەن جەمىيەت ماللىرى خەلق مەنپىيىتىنى ئەمەس، پەقەت ئۆز مەنپىيىتىنى كۆزلەيدىغان «رەھبەرلەر» تەرىپىدىن تالان - تاراج قىلىنغان. ھازىر جۇمھۇرىيەتتە ئونمىڭلىغان كوئوپېراتىۋ ۋە دېھقان ئىگىلىكلىرى قۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىشى دېگەندەك ئالغا باسمايۋاتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەپلىرى كۆپ. بىرىنچىدىن، دېھقانلارغا پاي ئۈلۈشلىرى بويىچە يەر بېرىلگىنى بىلەن ئۇلاردا يەرنى ھايداپ، ئۇرۇق چېچىپ، ھوسۇلنى ۋىغىۋالىدىغان تېخنىكا يوق. تېخنىكىنى يالالاش ئۈچۈن نۇۋەت كۈتۈش كېرەك. نۇۋەت كەلگىچە يەر ھايداش، ئۇرۇق چېچىش، ھوسۇل ۋىغىش ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىدۇ. نەتىجىدە يەردىن مول ھوسۇل ئېلىش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ، ئىسراپچىلىققا يول قويۇلىدۇ. ئىككىنچىدىن، يەر سېلىقى، سۇ سېلىقى، تۆلەشكە تېگىشلىك پېنسىيە فوندى، سالامەتلىكنى ساقلاش ۋۇقۇرى. ئۈچىنچىدىن، يېتىشتۈرۈلگەن ھوسۇلنى ئالىدىغان خېرىدار تېپىش تەس. مەھسۇلاتنى ئۆز جايىدا ئالىدىغان خېرىدار تېپىلغان تەغدىردىمۇ، ئۇ دولەت باھاسىدىن خېلىلا ئەرزەن سورايدۇ. تۆرتىنچىدىن، دولەت ئىگىلىكلىرى خۇسۇسىيلاشتۇرۇلۇپ، كوئوپېراتىۋلار، ئاكسىونېرلىق جەمىيەتلەر، دېھقان ئىگىلىكلىرى قۇرۇلۇشقا باشلىغان بولسىمۇ، تېخىچە ئۇلارغا دولەت تەرىپىدىن قەرز ئاخچا بېرىپ، ئۇلارنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەش، يار - يۆلەك بولۇش يېتەرسىز، قەرز ئېلىش ئىنتايىن قىيىن. مانا بۇلار ۋە باشقا سەۋەپلەرگە باغلىق ئوزۇق - تۈلۈك مولچىلىغىنىڭ كاپالىتى بولغان يېزا ئىگىلىگىدە ئىشلەپ چىقىرىش ناھايىتى كېچىك كېتىپ بارىدۇ، سۈرئەتلىك تەرەققىي قىلالمايۋاتىدۇ. نەتىجىدە يېزىلاردا، خۇددى شەھەردىكىگە ئوخشاش، ئىشسىزلار ئارمىيەسى كۆپەيمەكتە.

جۇمھۇرىيەت پرېزىدېنتى ن. نازاربايېۋ مانا مۇشۇلارنى ئېتىۋارغا ئېلىپ، ئۆزىنىڭ پۈتكۈل قازاقستانلىقلارغا مەكتۇپ - مۇراجىتىدە كېلەر ژىلى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشقا تېگىشلىك پېنسىيە پۇللىرىنى ۋە بيۇدجېتلىق تەشكىلاتلاردا ئەمگەك ھەققىنى تولۇق ۋە ئۆز ۋاقتىدا تۆلەشنى تەمىنلەش، مەكتەپلەرنى، ئەڭ ئالدى بىلەن يېزا يەرلىرىدىكى مەكتەپلەرنى كومپيۇتېرلاشتۇرۇشنىڭ كەڭ كۆلەملىك پروگراممىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كىرىشىش، تۇرۇشلۇق ئۆي قۇرۇلۇشى پروگراممىسىنى باشلاش ۋەزىپىلىرى بىلەن بىر قاتاردا بىر ژىل ئىچىدە كام دېگەندە 30 مىڭ ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى تەمىنلەش، كىچىك ھەم ئوتتۇرا تىجارەتتىكى فېرمېر ئىگىلىكلىرىدە ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك يولغا قويۇشقا كام دېگەندە 100 مىللىون دوللار قەرز بېرىشنى تەمىنلەش تەكىتلەنگەن. شۇنداقلا مەكتۇپ - باياناتتا 2030 - ژىلغىچە جۇمھۇرىيەت يېزا ئىگىلىگىنى تەرەققىي ئەتكۈزۈشنىڭ ئىستىقباللىق پلانلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ «يەر ئىسلاھاتى توغرىلىق» قانۇنىدا دېھقانچىلىق ئۈچۈن پايدىلىنىشقا تېگىشلىك يەرلەرنى سېتىش چەكلەنگەن. لېكىن، ئەپسۇسكى، ھازىرقى ۋاقىتتا «تويدا توغاچ ئوغرىلايدىغان» ئايرىم «باشلىقلار» تەرىپىدىن ئۇمۇملۇك يەرلەرنى ھەر خىل مەخپىي ئۇسۇللار بىلەن يوشۇرۇن سېتىش، ياخشى يەرلەرنى يېقىنلىرىغا بېرىش ئوخشاش جىنايەتكە مايىل ئىشلارمۇ داۋام قىلماقتا. پرېزىدېنت ن. نازاربايېۋنىڭ مەكتۇپ - مۇراجىتىدە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، ئاھالى خاتىرجەملىگىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن كەسپىي ۋە نەتىجىدارلىق ھۆكۈمەت قۇرۇش، پارىخورلۇق بىلەن جىنايەتچىلىككە قارشى قەتئىي كۆرەش قىلىش مۇھىم ئورۇنغا قويۇلغان. ئەگەر مەكتۇپتا قەيت قىلىنغان كۆرسەتمىلەر ئىزچىل ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان بولسا، پارىخورلۇق، جىنايەتچىلىكنىڭ ئالدى ئېلىنىدىغانلىغى سۆزسىز. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە يېزا ئىگىلىكىدىمۇ ئىجابىي نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ. يېزا ئوزۇق - تۈلۈك مولچىلىغىنى بەرپا قىلىدىغان ھەقىقىي بايلىق مەنبەسىگە ئايلىنىدۇ.

مالىك سادىروۋ.

ئۇللار ۋە تەغدىرلەر

مۇجاھىدلىق ئۇنىڭ ئىرادىسىنى پۈكەلمىگەن

يېقىنقى يىللاردىن بېرى كىشىلەر، بولۇپمۇ دىنىي جامائەتچىلىك ئارىسىدا خەلىفە ئالتاي دېگەن نام پات - پات تىلغا ئېلىنىپ، ئۇنىڭ ئىسلام شەرىئىتى بويىچە ئىشلىرى توغرىلىق خەلق ئارىسىدا ھۆرمەت ۋە غايىۋانە ئىززەت - ئىھتىرام كۆرسىتىدىغان بولدى. مۇقەددەس كىتاب قۇرئاننى قازاق تىلىغا تەرجىمە قىلغان بۇ ئاتاقلىق دىنىي زاتنىڭ ھەر خىل مۇنبەرلەردە، رادىو، تېلېۋىزوردا سۆزلەيدىغان دىن تەلىماتى ھەققىدىكى پىكىرلىرى كىشىلەر كۆڭلىدە چوڭقۇر تەسىراتلار قالدۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خەيرى - ساۋابلىق ئىشلىرى كۆپمىڭلىغان مۇسۇلمان بەندىلىرىنىڭ قەلبىگە دىنىي ئىسلامىيەتنىڭ نۇرىنى سېپىكەندەك كۆرۈنىدۇ. بەزى بىر بېشىغا سەللە ئوراپ، ئۈستىگە پەرەنجە يېپىپ، قولىدىن تەسۋى چۈشمەيدىغان ھەم ئەخور يا سالاما موللىلار بۇ زاتنىڭ ئەتىدىن تۈرلۈك پىتنە - پاسات بوھتانلارنى تارقىتىپ، ئۇنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئابرويىنى چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ كۆرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قەدىر - قىممىتى چۈشمىدى. ئۇ ئادەمنىڭ ھايات قىسمىتى 40 - يىللاردىن تارتىپ ماڭا تونۇش. ئۇ دەۋردە بىز خىتاينىڭ گەنسۇ ئولكىسىدە ياشايتتۇق. شۇندا بىر نەچچە يۈز ئۆيلۈك قازاق قېرىنداشلار گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ زوراۋانلىقى بىلەن يۇرتىدىن ئۆچۈپ، ئۆز ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ، بۇ يەردە سەرسانچىلىق ھاياتى كەچۈرەتتى.

خەلىفە ئالتاي ئوغلى 1917 - يىلى ئۇيغۇرلار دىيارىنىڭ ئالتاي ۋىلايىتى، شىڭگىل ناھىيەسىدە باي چارۋىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. بالىلىق دەۋرىدە شۇ يەردىكى بىر مولدىدىن ئوقۇپ، ئاندىن شۇ يىللىرى قازاقىستاندىن بارغان ئەخمەتقالى، ماغاۋىيە دېگەن ئىشانلاردىن بىلىم ئالغان. 30 - يىللاردا ئالتاي تەۋەسىدە قاتتىق جۇتچىلىق يۈز بېرىپ، چارۋا ماللارغا قىرىن كېلىپ ئاچارچىلىق باشلانغاندا كۆپ قىرغىن كېتىدۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ خىتاي ھوكۇمرانلىرىنىڭ زۇلۇمى خەلق ئۈستىگە تېخىمۇ ئېغىرلاشقان. شۇ چاغدا ئالتايدىكى قازاقلار ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ، چەتكە كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى.

1934 - 36 - يىللىرى ئالتايدىن كوچۈپ بارغان قازاقلار خىتاي ھوكۈمدارلىرىنىڭ زورلىۋالىشى دەستىدىن، بولۇپمۇ جاللات شىڭ شىسەينىڭ دەھشەتلىك زۇلۇمىنىڭ دەستىدىن قۇمۇل، باركولدە تۇرۇشقىمۇ ئىمكانىيەت تاپالماي، ئاخىرى گەنسۇ ئولكىسىگە قېچىپ ئۆتىدۇ. شۇ ۋاقىتتا گەنسۇ ئولكىسىنىڭ ھازىرقى جاگىيە ناھىيەسىدە تۇرىدىغان بىزنىڭ ئائىلىمىزدىكى ئەس كىرگەن، 10 ياشلىق بالا بولغانلىقىم ئۈچۈن گەنسۇ تاغلىرىدا ئۇنەپ، تەنتىرەپ يۈرگەن قازاق قېرىنداشلارنىڭ گومىنداڭ ھوكۇمىتى مابۇ فاڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن قانچىلىك زۇلۇم تارتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. بۇ فاڭ ئەسكەرلىرى قازاقلارنى قىرىپ، گۆرۈپپا - گۆرۈپپا قىلىپ تاشلىدى. قازاق قېرىنداشلار بەزىدە ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن مىلتىق ئىزدەپ يۈرەتتى. ئۇلار بالاڭ يۇقىرى تاغلارغا قېچىپ كېتەتتى. شۇنداق قېيىن ئەھۋالدا قالغان قازاقلار قۇرال - ياراغ ئالدىدا ماغدۇرسىز ئىدى. ئۇلار ئۆز يېرىگە قايتىش ئۈچۈن يولغا چىقىپ، يول بويى قارا جەڭ قىلىپ، قىرغىن تاپتى. ناتۇۋەتتە ئۇلارنىڭ كۆپى ئاچارچىلىقتىن قىرىلىپ كەتتى.

40 - يىللىرى جاللات شىڭ شىسەينىڭ قاتتىق قىلىچىدىن قېچىپ بارغان قازاقلار قۇمۇل، باركول ئارقىلىق گەنسۇ تاغلىرىغا كۆچۈپ كەلگەن ئالتاي قازاقلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئۇلارنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپەيدى. ياتىنىڭ ئۆزلۈكى - تۇغما قىسمەتلىرىنى ئۆز قولىغا ئېلىپ، ھاياتقا يەنە چىقىش يولىنى ئىزدەيتتى. بىر قىسىم قازاقلار تاغلارغا كىرىپ كەتتى. بىر قىسمى ھىندىستان، پاكىستانغا كۆچۈپ كەتتى.

گەنسۇ ئولكىسىدىكى قازاقلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاخىرى ھىندىستان، پاكىستان ئارقىلىق تۈركىيەگە كۆچۈپ كەلگەن ئىدى. يېقىنقى يىللاردا بىز پاكىستاندا ياشاۋاتقان قازاق مۇجاھىدلىرىنىڭ تارىخى بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۇق. بەزى قازاق مۇجاھىدلىرى ئاساسى چوشمىدى. يوللاردا ئۇچرايدىغان تەبىي ئاپەتنىڭ كەلتۈرگەن

پالاكەتلىرىدىن باشقا گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ يوللاردا ھارغان، ئىچىققان خەلقنى ۋەھشىلەرچە ئوقۇقا تۇتۇشى سەپەر مەشەققەتلىرىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇردى. شۇ قىرغىنلاردىن كېيىن سەپەرگە چىققان ئۈچ مىڭ ئادەمدىن 1941 - يىلى ياز ئېيىدا كەشمىرگە يېتىپ بارغىچە ئاران بىر يېرىم مىڭدەك ئادەم قالغان ئىدى. ئۇلار كەشمىرگە يېتىپ بارغىنىدا يەرلىك ھوكۈمەت دائىرىلىرى بۇ مۇسۇلمان مۇساپىرلارنىڭ دەرت - مۇڭىغا يېتىپ، ئۇلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ. لېكىن بۇ يەرنىڭ تەبىي شارائىتىغا ئۆگىنەلمىگەن خەلق ھەر خىل كېسەللىكلەرگە دۇچار بولۇپ يەنىلا ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۆلۈپ كېتىدۇ.

خەلىفە ئالتاي بۇ تەغدىر قىسمىتى بىلەن 12 يىللىق ئۆمۈرىنى ھىندىستان بىلەن پاكىستاندا ئۆتكۈزىدۇ. بۇ يەردە ئۇ ئەرەپ، ئۇردۇ تىللىرىنى ئۆگىنىپ، بىلىم ئالىدۇ. ئۇ 1951 - يىلى شەرقىي تۈركىستاندىن كوچۈپ بارغان قازاق كوچمەنلىرىنىڭ بېشىنى قوشۇپ، ئۇلاردىن بىرەر ئۇيۇشما قۇرۇشقا جەددىي كىرىشىپ، كېيىنىرەك ئۆزى شۇ قازاق ئۇيۇشمىسىنىڭ باش كاتىپلىقىغا سايلىنىدۇ. خ. ئالتاي 1953 - 1957 - يىللىرى پاكىستاندىكى قازاق كوچمەنلىرىنى دىلى، تىلى يېقىن تۈركىيەگە كوچىرىشكە كوپ كۈچ چىقارغان كىشىلەرنىڭ بىرى. بۇ مەخسەتتە ئۇز قېرىنداشلىرىنى تۈركىيەگە يوتكەپ كېتىشتە جەددىي ھەرىكەت قىلىپ ئۇرۇگەن ئەيسا يۇسۇپ ئالپتېكىن، مەھەممەت ئىمىن بۇغرالار بىلەن ئۇ بىللە ئىش ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭ نەتىجىسىدە ھىندىستان، پاكىستاندا ياشاۋاتقان قازاق مۇجاھىدلىرى تۈركىيەگە كوچۈپ كەلگەن ئىدى. تۈركىيە ھوكۈمىتى قان قېرىنداشلىرىنى سەممىي قارشى ئېلىپ، ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇردى. ئۆي - جاي، ئىش بىلەن تەمىنلىدى. ياشلارغا ئوقۇش ئىمكانىيىتىنى تۇغدۇرۇپ بەردى. شۇڭلاشقا كېيىنكى يىللىرى ئۇ يەردە ئوقۇپ، بىلىم ئالغان ياشلار ھەر خىل مۇتەخەسسىس ئىگىلىرى بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. بۇ ئىشلاردا خەلىفە ئالتاينىڭ قوشقان ھەسسىسى بىباھا.

خەلىفە ئالتاي تۈركىيەگە بارغاندىن كېيىن ئىجادى ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئالدى بىلەن ئۇ بېشىدىن ئوتكەن قىيىن - قىستاق سەرگۈزەشتلىرى ئاساسىدا «خاتىرىلەر» ناملىق شېئىرىي داستانىنى يېزىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن 1977 - يىلى ئىستامبۇلدا «قازاق تۈركلىرىنىڭ شەجەرىسى» ناملىق ئەسىرىنى نەشىر قىلدۇردى. 1980 - يىلى ئانقارادا مەدەنىيەت مىنىسترلىگىنىڭ ياردىمى بىلەن بېسىلىپ چىققان «ئانا يۇرتتىن ئاناتولىيەگىچە» دېگەن كىتاۋىدا ئۇ خەلقىنىڭ تەغدىر قىسمەتلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ. 1995 - يىلى مەزكۇر كىتاپ ئالمۇتىدا قازاق تىلىدا بېسىلغان.

خەلىفە ئالتاي ژۇقۇرى بىلىملىك پەننىي ئالىم ھەم شائىرلا بولۇپ قالماي، ئۇ شۇنداقلا دىنىي ئۆلىمادۇر. ئىسلام دىنىنىڭ ئۇلۇق شاراپىتىنى، دەستۇرلىرىنى خەلققە تەرغىپ ۋە تەشۋىق قىلىشتا ئۇنىڭ قىلىۋاتقان خىزمىتى ناھايىتى چوڭ. خەلىفە ئالتاينىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس كىتاۋى قۇرئانۇ كەرىمنى قازاق تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، ئۇنىڭ مەناسىنى شەرھلەپ بەرگەنلىكىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. 1991 - يىلى سەئۇدىيە ئەرەپىستانىنىڭ ھورمەتلىك كوروللى ھەزرىتى فاھتتىن جاناپلىرىنىڭ نامىدىكى باسمىخانىدىن 800 مىڭ نۇسخا بىلەن بېسىلىپ چىققانلىقى كەڭ مۇسۇلمان ئەھلىنىڭ زور ئالقىشىنى تۇغدۇردى. سۇپەتلىك قەغەزگە گوزەل مۇقاۋىلىق بولۇپ بېسىلىپ چىققان بۇ كىتاپ قازاقىستان، موڭغۇلىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيەدىكى مۇسۇلمان ئەھلىگە ھەقسىز تارقىتىلىپ بېرىلدى.

خەلىفە ئالتاي بۇ خىل ئەمگەكلىرى بىلەن 70 يىلدىن بېرى دىنىي ئېتىقاتى ۋە مىللىيلىكىدىن ئايرىلىپ قېلىش خوۋپىغا چۈشۈپ قالغان قازاقىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي ساۋاتىنى ئېچىپ، ئۇلارغا مۇسۇلمان دىنىنىڭ ئىمان شەرتلىرىنى ئۆگىتىش مەخسىتىدە بەش پەرىزنى ئىچىگە ئالىدىغان «ئىباتۇل ئىسلام» ناملىق كىتاۋىنى يېزىپ چىقىپ، قازاق تىلىدا نەشىر قىلدۇردى.

خەلىفە ئالتاينىڭ كىتاپلىرى ئىچىدە كورنەكلىكلىرى 1995 - يىلى ئالمۇتىدا 50 مىڭ نۇسخا بىلەن بېسىلغان «تاللانما ھەدىسلەر». شۇنداقلا شۇ يىلى تۈركىيەدە دىنىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ ياردىمى بىلەن نەشىر قىلىنغان «سىيارى نەبى» (ھەزرەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمە ھالى) ناملىق كىتاپلىرىدۇر.

دىنىي موتىۋەر زاتنىڭ تۈرك، ئۇيغۇر، تاتار تىللىرىنى ياخشى بىلىشى ئۇنىڭ ئىشلىرىغا كوپ ئوڭايلىق تۇغدۇرىدۇ.

1991 - يىلى خەلىفە ئالتاي شەخسەن قازاقىستان پرېزىدېنتى نۇرسۇلتان نازارباييېۋنىڭ تەكلىۋى بىلەن ئانا ۋەتىنى - قازاقىستانغا بىر يولى كوچۈپ كەلدى. ئۇ ھازىر ئالمۇتىدا ئىستىقامەت قىلىۋاتىدۇ. 1991 - يىلدىن باشلاپ قازاق رادىوسى ئارقىلىق ئۇ ھەپتىسىگە بىر قېتىم دىنىي دەرىس بېرىپ كېلىۋاتاتتى. ھازىر بۇ ساۋاق ھەپتىسىگە 2 قېتىمغا كوپەيتىلدى.

خەلىفە ئالتاي «خاتىرىلەر» شېئىرى ۋە «ئانا يۇرتتىن ئاناتولىيەگىچە» دېگەن كىتاپلىرى ئۈچۈن «ئالاش» مۇكاپاتىنىڭ تۇنجى ئەڭ بىرىنچى ساھىبى بولدى.

قازاق خەلقىنىڭ ئوز ئېلىگە سادىق، ۋەتەنپەرۋەر پەرزەندى، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىغا ئورتاق ھورمەتلىك دىنىي ئەرباپ، شائىر - يازغۇچى، قازاقىستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى، خەلق ئارا «ئىنابەت» ئىمان تەربىيە مەركىزىنىڭ تۆرە رەئىسى خەلىفە ئالتاي ھاجى غاكىپ ئوغلىنىڭ تۇغۇلغىنىنىڭ بۇ يىل 80 يىللىغى نىشانلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ. ياشانغىنىغا قارىماي قىزغىن پائالىيەت كورسىتىپ كېلىۋاتقان بۇ موتىۋەر زات بۇ كۈنلەردە تۈرك تىلىدا يېزىلغان «ئىسلامىيەتنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتاۋىنى قازاق تىلىغا تەرجىمە قىلىۋاتىدۇ.

ھەممىمىز ئۈچۈن ئورتاق بولغان بۇ ئالىيجاناپ مەسلىھەتچىمىزنىڭ 80 ياشلىق مۇبارەك تويى ھارپىسىدا قىزغىن تەبرىكلەپ، ئۇنىڭغا زور سالامەتلىك، ئائىلەۋىي بەخت - سائادەتلەر تىلەيمىز.

يۇسۇپ خوجايېۋ.
ئالمۇتا شەھىرى.

ياخشىنىڭ ياخشىلىقى ئىپىت

ئۇنتۇلماس مېھرۋانلىق

ئىنسانىيەت ھاياتىدا ھەر قانداق كىشى ئالدىدىكى بولىدىغان ئىشلارنى بىلمەيدىغۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن «ئالدىدىكى ئىشنى ئاللا بىلىدۇ» دەپ ھەر كىم مەدەتنى بىر ئاللادىن تىلەيدۇ. بەزىدە پىلانلىغان ئىشىڭىز ئەمەلگە ئاشماي پەۋقۇلاددە ئىشلارغا دۇچ كېلىپ قالىسىز. تەسادىپىي ياخشى - يامان كىشىلەر بىلەن تونۇشۇپ قالىسىز. شۇنداقلا ئۇلار ئوزلىرىنىڭ ئىجابىي - سەلبىي كورۈنۈشلىرى بىلەن بىر ئومۈر ئادەملەر قەلبىدە ساقلىنىپ قالىدۇ. بۇ «بىر ياخشىلىق ئۇنتۇلمايدۇ، بىر يامانلىق» دېگەن سوزدىن مەلۇم. مانا موشۇنداق ھال يېقىندا بىزنىڭ ئائىلىمىزدىمۇ يۈز بەردى.

باللارنىڭ دادىسى ئابدۇغوپۇر بىر ئائىلىدە ئىككىلا ئوغۇل بولۇپ، تەغدىر تەقەززاسى بىلەن ئىنىسى ۋەتەندە قېلىپ، بىز ئابدۇغوپۇر ئىككىمىز ئانىمىز شاھزادىخان ۋە تورت بالىمىز بىلەن 1961 - يىلى كېچەش ئېلىگە چىقىپ، ئالمۇتا شەھىرىگە ئورۇنلاشتۇق. 1972 - يىلى ئانىمىز ۋاپات بولدى. ئۇ چاغدا خىتايدا، جۇملىدىن ئۇيغۇرلار دىيارىدا «مەدەنىيەت زورىنىڭ ئىنقىلاۋى» ئۇۋج ئالغان ۋاقىت بولغانلىقتىن ئاپام رەھمەتلىك ئوغلىدىن ھېچ بىر خەۋەر ئالالماي پەرزەنت داغىدا ئالەمدىن ئوتۇپ كەتتى.

1997 - يىلى 1 - مارتتا ئابدۇغوپۇرمۇ ۋاپات بولۇپ، ئاكا - ئۇكا بىر - بىرىنىڭ قەبرىگە بىر كەتمەن تۇپراق تاشلالماي مەڭگۈگە ۋىدالاشتى، ئامال قانچە تەغدىر شۇنداق بولسا كېرەك. چېگارا مەسىلىسى بىلەن ئىنىمىز بىز تەرەپكە كېلەلمىگەنلىكتىن، بىزنىڭ ئائىلىدىكىلەرگە چاقىرىش قەغىزى ئەۋەتىپ، بىزنى ئۇرۇمچىگە تەكلىپ قىلغان ئىكەن.

كىچىك قىزىمىزنى ئىككى بالىسى بىلەن 26 - ئىيۇل كۈنى ئالمۇتا ۋوكزالىدىن ئۇزىتىپ قويدۇق. 27 - ئىيۇل كۈنى كەچ سائات 5 لەردە تېلېفون قىلىپ: «ئاللو ئاپا، دروژبا چېگارىسىدىن سوزلەۋاتىمەن، بىزنى چېگارىچىلار پويىزدىن چۈشۈرۈپ قالدۇرۇپ قويدى. چۈنكى، خىتاي كونسۇلى رەسمىيەتنى چالا ئوتەپتۇ، ھازىر مېھمانخانىغا كەلدۇق...» - دېمەسمۇ. «ۋاي ئاللا، بۇ نېمە بولغىنى، بىچارە باللىرىم قانداقمۇ قىلار» دېگەن ۋايىم بىلەن تۈن بويى كىرىپىك قاقمىدىم...

قىزىمىزمۇ مىڭ بىر تەشۋىش ئىلكىدە تاڭنى ئاتقۇزۇپتۇ. ئەتىسى ئاشخانىغا كىرىپ، بۇ يەردە ئىشلەۋاتقان ياركەنتلىك بىر ئائىلە بىلەن تونۇشۇپ، ئەھۋالنى ئېيتىپ، «بۈگۈن سائات ئىككىدە قايتىدىن ئالمۇتىغا مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ، مېھمانخانىدا ژۈك ساقلاش ئورنى يوق ئىكەن، سومكىلىرىمنى قانداق قىلارمەن» دەپ ئەندىشىسىنى ئېيتقاندىن كېيىن، بۇ مېھرىۋان كىشىلەر:

- ھەرگىز ۋايىم قىلماڭ، چېگارىدا مۇنداق ھالەتلەر بولۇپ تۇرىدۇ، بەزىدە ھەتتا بوۋاي - موماي لارمۇ مۇنداق كېلىشمەسلىكلەرگە دۇچ كېلىدۇ. بىز ئۇلارغا قولىمىزدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىپ كېلىۋاتىمىز. سىزمۇ ئەرسىلىرىڭىزنى قالدۇرۇپ خاتىرجەم كېتىۋېرىڭ» دېگەندى كېيىن بىچارە قىزىمنىڭ كوڭلى خاتىرجەم بولۇپ سومكىسىنى قالدۇرۇپ، ئالمۇتىغا كېلىپ خىتاي كونسۇلىغا كىرىپ چالا قالغان رەسمىيەتلەرنى پۈتەردى ۋە ئەشۇ ئالىيجاناپ ئائىلە ھەققىدە ماڭا سوزلەپ بەردى...

3 - ئاۋغۇست كۈنى قىزىم چېگارىدىن تېلېفون قىلىپ: «خاتىرجەم بول ئاپا، مېنى بۇ ئائىلىدىكىلەر قارشى ئېلىپ، سومكىلىرىمنى ھەتتا چېگارىنىڭ قېشىغا قەدەر يەتكۈزۈپ بەردى، مانا مېڭىش ئالدىدا تۇرىۋاتىمىز»، - دېدى بۇنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىكىگە قايىل بولۇپ، كوزلىرىمگە ياش ئۇنچىلىرى تىزىلدى. شۇ چاغدا بۇلارنى قىزىمغا يولۇقتارغان خۇدادىن رازى بولۇپ، شۇكرى قىلدىم. چۈنكى، ھازىرقى ۋاقىتتا ئىشەنسىزلىق كۈندىن - كۈنگە ئۇۋج ئېلىپ، كۈپ - كۈندۈزى بۇلاپ - تالاش، ھەر خىل جىنايەتلەر سادىر بولۇۋاتقان بىر ئەنسىزچىلىك پەيت بولۇپ قالدىغۇ!

باللىرىم ساق - سالامەت ئۇرۇمچىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن چېگارىدا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان بۇ ئائىلىنىڭ ئادىللىقى، ئاق كوڭۈللىكلىكى، كىچىك پېئىللىقى ھەققىدە ئالاھىدە رازىمەنلىك تۇيغۇسى بىلەن سوزلەپ كېتىشتى. مەنمۇ بىپەرۋا بولمىدىم. بۇ ئالىيجاناپ كىشىلەرنى گېزىتخانىلارغا تونۇشتۇرۇش مەخسىتىدە قولۇمغا قەلەم ئېلىپ، ئۇلۇق مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى مونۇ قۇرلارنى ئەسلىدىم:

كىچىك پېئىللىق-ئۇلۇقلۇق سۇرەر كوپ زامان،
تەكەببۇرغا تەگمەس ئۇلۇقلۇق ھامان.
سويۇلەر ئەل ئىچىدە كىچىك دىل كىشى،
سويۇلمەس تەكەببۇر ژىرىك دىل كىشى.

بۇ ئائىلىنىڭ باشلىقى تۇرسۇن غوجا ئوغلى غوجايېۋ 1943 - يىلى ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونىنىڭ بورتالا شەھىرىدە تۇغۇلغان، ئايالى سائادەت 1948 - يىلى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان ئىكەن. قىزلىرى سانىيەم، كۈيوغلى ئادىلجان ئاقمولالايېۋلار، ساجىدەم - ئاندىرىي ھاشىموۋلار، بۇ ئاتا - باللار چېگارىدا ئاشخانىدا ئىشلەپ، يولۇۋچىلارغا خىزمەت قىلىۋېتىپتۇ.

تەلىم - تەربىيە ئاتىدىن بالىغا، بالىدىن نەۋرىلەرگە مىراس ئوخشاش سىڭىپ قالىدۇ. تۇرسۇن ئەينە شۇنداق تەربىيەلىك ئائىلىدە ئوسۇپ چوڭ بولغان. ئۇنىڭ ئاكا ۋە ھەدىلىرى مەرىپەتپەرۋەر ئىنسانىي كىشىلەردىن بولغان.

تۇرسۇن بىلەن سائادەت ئاتا - ئانىلىرىدىن ئالغان ياخشى تەربىيە بىلەن ئوز بالىلىرىنى تەربىيىلەپ، قاتارغا قوشقانلىقتىن باللار قەلبىدىمۇ تۇرلۇك ئىزگۈلۈكلەرگە خاس ئالاھىدە پاكلىق مەۋجۇتتۇر. ھازىرقى تۇرمۇش شارائىتىدا كىشىلەر ئارىسىدا «پۇل بولسا ھەممە نەرسە ھەل بولىدۇ» دېگەن ئىبارە كوپ تەكىتلىنىدۇ. راست، پۇل ھەممىنى ھەل قىلىدىغانلىقىدا گۇمان يوق، لېكىن، ئىنسانپەرۋەرلىك پۇلدىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدۇ. دۇنيا دېگەن بىردە كېلىپ بىردە كېتىپ تۇرىدۇ. ھەتتا ئۇ بەزىدە تەر توكۈپ ژىققان ئېكىسكىمۇ بۇيرىماي قالىدىغان چاغلارمۇ بولىدۇ. ئاما ئادەملەرنى قەدىرلەشنى بىلىش،ياخشىلىق قىلىش، ھېچ قاچان ئۇنتۇلمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىز تۇرسۇن غوجايېۋلار ئائىلىسىنى كويكە ئۈلگە قىلىپ، ئۇلارنىڭ خەلق ئۈچۈن قىلىۋاتقان ھالال خىزمىتى مۇۋاپىقىيەتلىك بولۇپ، مۇرات - مەخسەتلىرىگە يەتسۇن، - دەپ بىر ئاللادىن تىلەيمىز.

جەزىرە بۇرھانوۋا.
ئالمۇتا شەھىرى.

مۇھەم مۇئەممەا

ياۋروپا ئۇيغۇرلارغا نەزەر ئاغدۇرماقتا

خەلقىمىز موشۇ ئەسىردىكى ئەڭ ئېزىلگەن، ئىنسان ھوقۇقلىرىدىن، مۇستەقىللىغىدىن، ئازاتلىقتىن مەھرۇم بولۇپ كېلىۋاتقان خەلىق بولۇشىغا قارىماستىن، ئۇنىڭ ئېغىر قىسمەتلىرىدە دۇنيا ئانچە ئېتىۋار بەرمەي، خىتايغا ئوخشاش چوڭ دولەت ئىلكىگە قارام قىلىنغان بۇ ئەلنىڭ تەغدىرىمۇ گويا خىتاي تەغدىرى بىلەن بىردەك قارىلىپ كەلگەن ئىدى. روسسىيە ۋە خىتاي ئىمپېرىيەلىرى ئوتتۇرىسىدا تۇزۇلگەن مەخپىي كېلىشىملەر ھازىرغىچە ئاشكارىلانماي، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاسارەتتىكى ئەھۋالى ژىلدىن - ژىلغا ئېغىرلىشىپ باردى. دۇنيادىكى چوڭ دولەتلەر مەركىزىي ئاسيادىكى ئۇيغۇرلار ۋەتىنىگە ئوزلىرىگە پايدىلىق گېئوسىياسەت نۇقتەئىي نەزەردىن ياندىشىپ ئىككى يۇز ژىلدىن بېرى مەھكۇم ھالىتىدە كېلىۋاتقان خەلقىنىڭ ئىستىقلالىيەتكە ئىنتىلىپ باشلىغان مىللىي ئازاتلىق ھەرىكەتلىرىنى كورسىمۇ كورمەسكە سېلىپ، ئۇنىڭغا يار - دەم بېرىشنىڭ ئورنىغا خىتايلارنىڭ بۇ باش ئەگمەس خەلقنى باستۇرۇشقا ھەر خىل ۋاستىلار بىلەن ياردەم بېرىپ كەلدى.

ئوز تارىخىدا نەچچىلىگەن چوڭ - چوڭ دولەتلىرىگە ئىگە بولغان، دۇنيا مەدەنىيىتىگە مەڭگۇ ئولمەيدىغان ئىلمىي، بەدىئىي دۇردانىلىرى بىلەن ھەسسە قوشقان ئۇيغۇرلارنىڭ مەھكۇملۇقتىكى بۇنداق ھاياتى بولۇپمۇ 20 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن كېيىن تېخىمۇ پاجەلىك تۇس ئېلىشقا باشلىدى. ئۇيغۇرلار كىملەر؟ ئۇلارنىڭ ۋەتىنى شەرقىي تۇركىستاننىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە گېئوگرافىيەلىك ئورنى قانداق؟ بۇ خەلىق نېمىلەرنى ئارزۇ قىلىدۇ؟ دېگەن سوئاللار كۇن تەرتىۋىدىن پۇتۇنلەي چىقىرىۋېتىلدى. سابىق س س س ر پۇتكۇل دۇنيادىكى تۇرك خەلقلىرىنىڭ بىرلىشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ھەر قېتىم ھەل قىلغۇچى پەيتلەردە (مەسىلەن، 1930 - ژىللاردىكى شەرقىي تۇركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى؛ 1944 - 49 - ژىللاردىكى شەرقىي تۇركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقتىدا) ئۇيغۇرلار مەنپىيىتىنى خىتايلار مەنپىيىتى ئۇچۇن قۇربان قىلىپ بەرگەنلىگى ھېچ كىمگە سىر ئەمەس.

خىتاي خەلىق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن كوممۇنىستىك پارتىيە مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاۋتونومىيە دېگەن ئالدامچى، يەر ئىگىلىرىنىڭ ھوقۇقىنى چەكلەيدىغان ياسالما ھاكىمىيەت شەكلىنى ئۇيغۇرلارغا تېڭىپ، يەنە بىر تەرەپتىن فرانسىيەدەك ئۇچ ھەسسە چىقىدىغان باي، بىپايان زېمىننى ئۇششاق ئاۋتونومىيەلىك ئوبلۇس ۋە ناھىيەلەرگە بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بىرىنچىدىن، خىتاينىڭ كوپ مىللىونلۇق نوپۇسى ئالدىدا «كىچىكلىشىشنى كۇچەيتىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئوز دىيارىدا قېرىنداشلىرىدىن كېلەچەكتە ئېتىراز بىلدۇرگۇچى كۇشەندىلەرنى تەييارلىدى.

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئاقىۋەتتە پۇتۇنلەي ئاسسىمىلاتسىيە قىلىشنى، پارچىلاپ تۈگىتىشنى مەخسەت قىلغان ۋە ئۇزاق دەۋىرگە مولجاللانغان بۇ سىياسىتىنى سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم قۇرۇش نىقاۋىدا ۋە سابىق س س س ر نىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى بىلەن ئوتكۇزۇشلۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇش مۇمكىنچىلىكىنى تاپتى. ئالدامچىلىق بىلەن تېررورلۇقنى بىرلەشتۇرگەن بېجىن رەھبەرلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ھوقۇقىنىڭ خورلىنىۋاتقانلىغىنى، ماددىي تۇرمۇشىنىڭ ژىلدىن - ژىلغا ناچارلىشىپ كېتىۋاتقانلىغىنى چەت ئەللەردىن ھەممە ۋاستىلەر بىلەن يوشۇرۇپ كەلدى. 49 - ژىلدىن تاكى 80 - ژىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە دۇنيانىڭ كوزىدىن چەتتە قالغان شەرقىي تۇركىستاندىكى خىتاي رەھبەرلىگىنىڭ باش - باشتاقلىغى، مىللىي زۇلۇمى ھازىرغىچە مەخپىي ھالىتىدە قالماقتا. 80 - ژىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن تارتىپ خىتاي ھوكۇمىتى ئىسلاھات باشلاپ، ئىشىكلىرىنى چەت ئەللەرگە كەڭ ئاچقان بولسىمۇ شەرقىي تۇركىستانغا تاشقىرىدىن ئىنسان ھوقۇقىنى قوغدايدىغان تەشكىلاتلار تۇرماق نادەتتىكى خالىس جامائەتچىلىكنىمۇ كىرگۇزمىدى، كىرگۇزگەن تەغدىردە قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئالدى. ئۇ يەردىن ئۇيغۇرلارنىڭ،بولۇپمۇ كوزى ئوچۇق، ئاق - قارىنى پەرىق ئېتەلەيدىغان، ۋەتەنپەرۋەر زىيالىلارنىڭ ژىراق چەت ئەللەرگە چىقىشى بۇ ياقتا تۇرسۇن قازاقستان، قىرغىزستان، ئوزبەكىستانغا ئوخشاش قان قېرىنداشلىرىنىڭ ماكانلىرىغا چىقىپ ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشى ھەر خىل يوللار بىلەن گاھ ئوچۇق، گاھ يوشۇرۇن توسۇلۇپ قالدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەلىرىدىكى تەرەققىي ئەتكەن مەملىكەتلەرگە بېرىپ ئوقۇش، بىلىمىنى ئاشۇرۇشىمۇ مۇشكۇل نەرسىگە ئايلاندى. كېيىنكى ژىللاردا بۇ يول پۇتۇنلەي توسۇپ تاشلاندى.

بۇنداق شارائىتتا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى چەت ئەللىكلەرنىڭ بىلىپ تۇرۇشىمۇ قىيىنلاشتى. بېجىن رەھبەرلىكىنىڭ ئەينى مۇددىئاسىمۇ دەل شۇ ئىدى.

90 - ژىللاردىن تارتىپ ئاسارەتتە ئۇخلاپ ياتقان، ئۇنتۇلغان ئۇيغۇر خەلقى قېرىنداشلىرى مۇستەقىللىقنى ئالغاندىن كېيىن، ئىستىقلالىيەت قوڭغۇرىغىدىن ئويغىنىپ كەتتى. ئۇلارمۇ ئوزلىرىنى ئىنسان سۈپىتىدە، پەقەت ئىنسان سۈپىتىدە ئەمەس، ھەقىقىي ئەركىن ئىنسان سۈپىتىدە ھىس قىلىشنى، ئوزىنى باشقىلار بىلەن ئوخشاش ئەھۋالدا كورۇشنى ئارزۇ قىلىپ، ئىستىقلالىيەت بايرىقىنى كوتەردى. خىتاي رەھبەرلىگىنىڭ ئەنسىرەيدىغان، چوچۇيدىغان نەرسىسىمۇ دەل ئەينە شۇ ئويغىنىش ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۇزۇن ژىللاردىن بېرى ئۇيغۇرلارنى جاھالەت ۋە نادانلىقتا تۇتۇپ تۇرۇش ئۇچۇن ئېلىپ بارغان ھەر خىل سىياسىي ھەرىكەتلىرى ئەندى كارغا كەلمەس بولۇپ قالدى. شۇنىڭغا قارىماي بەرى بىر بېجىن شەرقىي تۇركىستاندا ئوزىنىڭ باشقا ئولكىلىرىدە ژۇرگۇزگەن سىياسىتىگە ئوخشىمايدىغان يەنىلا كوممۇنىستىك ئىدىيەنى تەرغىپ قىلىدىغان، ئوچۇغىراق ئېيتقاندا، كوممۇنىزم نامى بىلەن دوق قىلىدىغان، ماھىيەتتە ئۇيغۇرلار ئۇچۇن ئوز ۋەتىنىدىن چىقىش ۋە كىرىش ئىشىكلىرىنى كەڭ ئاچمايدىغان سىياسەتنى قوللاندى. بىراق سەۋىر - تاقەتنىڭمۇ چېكى بار. قاينىغان قازاننىڭ تۇۋىقى بەرى بىر ئېچىلىدۇ. شەرقىي تۇركىستان ئەينە شۇنداق ئازاپ - ئوقۇبەتلەرگە تولغان ئارزۇ - ئارمانلار ئوتىدىن قاينىغان قازانغا ئوخشاش ھالەتكە كەلگەن ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇيغۇر خەلقى ھەر خىل يوللار بىلەن ئوزىنىڭ دەرت - ئەھۋالىنى دۇنيا جامائەتچىلىگىگە يەتكۇزۇشكە ھەرىكەت قىلدى. بولۇپمۇ خىتايلار زۇلۇمىدىن ھەر خىل ۋاقىتلاردا چەت ئەللەرگە چىقىپ كەتكەن مۇجاھىدلار ئارىسىدا ئوز ۋەتىنىگە كويىنىش، ئۇنىڭ ژىغىسىنى ژىغلاش كەيپىياتى تېخىمۇ ئورلىدى. بۇ مۇجاھىدلار ھەر خىل خەلىق ئارا تەشكىلاتلارغا، چوڭ - چوڭ دولەتلەر رەھبەرلىرىگە مەكتۇپلار يېزىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېغىر ئەھۋالىنى يەتكۇزۇپ تۇردى. بىسىل فېۋرالدا غۇلجىدا يۇز بەرگەن قانلىق ۋاقىئە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن توختىماي داۋام قىلىۋاتقان دولەت تېررورىزمى دۇنياغا: «شەرىقتە خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ تاپىنى ئاستىدا دات - پەريات كوتىرىۋاتقان ئازاتلىققا تەشنا ئۇيغۇر دېگەن خەلىق بار! ئۇ سىلەرنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىڭلارغا مۇھتاج!» دەپ چوقان سالغاندەك بولدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا جاھاندىكى كوپلىگەن مەدەنىيەتلىك ئەللەر بۇ ئاۋازغا قۇلاق سېلىپ سادا بېرىشكە باشلىدى. 90 - ژىللارنىڭ بېشىدا قۇرۇلۇپ دەسلەپكى كۇنلەردىن تارتىپلا شەرقىي تۇركىستان خەلقىنىڭ ئەھۋالىنى دۇنياغا يەتكۇزۇشكە ھەرىكەت قىلغان ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى بۇ ئەللەرنىڭ دىققەت - ئېتىۋارىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇشقا تۇرتكە بولدى. بۇنىڭدا ۋ م ت باش ئاسسامبلېيەسىنىڭ 1994 - ژىلى شەرقىي تۇركىستان مەسىلىسى توغرىلىق چىقارغان قارارىمۇ مۇھىم رول ئوينىدى.

شۇنى تەكىتلەپ ئوتۇشىمىز كېرەككى، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ياۋروپىدىكى چوڭ - چوڭ دولەتلەر تىبەت مەسىلىسى توغرىلىق چوڭ سورۇنلاردا سوز ئېچىپ، مەخسۇس قارارلارنى چىقىرىپ كەلگەن بولسىمۇ شەرقىي تۇركىستان توغرىلىق مەسىلە ئۇ دەرىجىگە ھېچ قاچان كوتىرىلمىگەن ئىدى. فېۋرال ۋاقەسى يېنىشقا ئاز قالغان ئوتقا ياغ قۇيغاندەك بولدى. دۇنيا بىردىن ئۇيغۇرلارغا نەزەر ئاغدۇرۇشقا باشلىدى. فرانسىيە، گېرمانىيە، شۋېيتسارىيە، گوللاندىيەگە ئوخشاش ئونلىغان ياۋروپا دولەتلىرىنىڭ مەتبۇئات ۋاستىلىرى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتىنى ھەققىدە كەڭ كولەملىك ماتېرىياللارنى بېسىشقا كىرىشتى. ئۇلارنىڭ يازغانلىرىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خىتايلار تەكىتلىگەندەك تېررورىست، ئىسلام فۇندامېنتالىستلىرى ئەمەسلىگى، بەلكى ئوز ۋەتىنىنىڭ ئازاتلىغى ئۇچۇن كۇرىشىۋاتقان، ئوز ھوقۇقىنى ئېلىشقا ئىنتىلىۋاتقان سەۋىرچان، مەدەنىيەتلىك خەلىق ئېكەنلىگى تەكىتلەندى. بىز بىسىل مارت ئېيىدا بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىنسان ھوقۇقى كومىسسىيەسىنىڭ ژىغىنىغا بارغاندا، ياۋروپىلىقلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا چوڭقۇر ھىسداشلىق بىلەن قارايدىغانلىغىنىڭ گۇۋاچىسى بولغان ئىدۇق. ئامېرىكىدىكى ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ خەۋەرلىرىگە قارىغاندا، قوشما شتاتلاردىمۇ ئۇيغۇرلارنى تونۇشقا باشلىغانلىغى، ئۇلارغا ھىسداشلىق قىلىۋاتقانلىغى مەلۇم بولماقتا. بۇ، ئەلۋەتتە، ھەر بىر ئۇيغۇرلارنى بىر ئاز بولسىمۇ بەزلىمەسلىگى، خوشال قىلماسلىغى مۇمكىن ئەمەس. چۇنكى ياۋروپانىڭ، دۇنيانىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىسىز بىزنىڭ ئىستىقلالىيەت يولىدىكى ھەرىكەتلىرىمىز ئۇزۇل - كېسىل غالىبىيەت قازىنىشى مۇمكىن ئەمەس.

موشۇ ئوقتىدىن ئېلىپ قارىغاندا، ياۋروپا پارلامېنتى سېسسىيەسىنىڭ 1997 - ژىلى 10 - ئاپرىلدا شەرقىي تۇركىستان ھەققىدە چىقارغان قارارى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەن ئەينە شۇ قارارنى (ئىنگلىزچىدىن تەرجىمىسىنى) دىققىتىڭلارغا ھاۋالە قىلماقچىمەن.

شەرقىي تۇركىستاندىكى (شىنجاڭ رايونى) ئىنسان ھوقۇقلىرى ئەھۋالى بويىچە قارار

ياۋروپا پارلامېنتى:

خىتايدا ئىنسان ھوقۇقلىرىنىڭ بۇزۇلۇۋاتقانلىغى ھەققىدە ئىلگىرى چىقارغان قارارىغا ئاساسلىنىپ،

ئا) شەرقىي تۇركىستاندا (شىنجاڭ رايونىدا) بارغانسىرى كوپىيىۋاتقان تۇراقسىزلىقتىن چوڭقۇر تەشۋىشلىنىدۇ.

ب) 20 - مارتتا شەرقىي تۇركىستاندا خىتاي ھاكىمىيەت ئورۇنلىرى تەرىپىدىن ژۇرگۇزۇلگەن ئاممىۋىي قاماققا ئېلىشلاردىن ئەنسىرەيدۇ. قامالغانلارنىڭ مۇتلەق كوپچىلىگى مۇسۇلمانلار بولۇپ، مۇنداق قولغا ئېلىشلار ئاقىۋەتتە ئېتنىكىلىق غۇلغۇلىلارغا ئېلىپ كېلىدۇ.

ۋ) خىتاي ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىنىڭ ئورغۇنلىغان ئۇيغۇرلارنى قەتىل قىلىش فاكتى چوچۇتىدۇ. ئۇلار ئاقىۋەتتە نارازىلىق مىتىڭلارغا ۋە قالايمىقانچىلىقلارغا ئېلىپ كەلدى ۋە بۇ جەرياندا يۇزلىگەن ئادەملەر قولغا ئېلىندى.

گ) ھەر قانداق تەرەپنىڭ كۇچ ئىشلىتىشنى ئەيىپلەيدۇ.

د) شەرقىي تۇركىستاندا (شىنجاڭ رايونىدا) دىن ئەركىنلىگى قاتتىق چەكلەنمەكتە. پەقەت ئاخىرقى بىر ژىل ئىچىدە يۇزدىن ئوشۇق مەدرىسە يېپىپ تاشلانغان ۋە 180 نەپەر دىنىي ئولىمالار، مۇتالىپلار ۋە تالىپلار قاماققا ئېلىنغان.

ئې) بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھوقۇقى كومىتېتى تەكىتلىگەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەقىپلىنىۋاتقانلىغىغا تەشۋىشلىنىش بىلەن دىققەت بولىدۇ.

موشۇ ئەھۋاللارغا ئاساسلىنىپ ياۋروپا پارلامېنتى:

1. خىتاي خەلىق جۇمھۇرىيىتى ژۇرگۇزۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىنى يوقىتىشقا، ئۇلارنىڭ دىنىنى باستۇرۇشقا قارىتىلغان سىياسىتىنى، ئولۇم جازاسى بېرىشنى قالايمىقان ژۇرگۇزۇش سىياسىتىنى، ئېچكىرىدىن ئاھالى كوچۇرۇپ چىقىشنى ۋە ئاخىرقى ھېساپتا بۇ رايوندا يەرلىك خەلقىنىڭ ئېتنىكىلىق تەركىۋىنى ئوزگەرتىشكە ئېلىپ كېلىدىغان تۇغۇتنى چەكلەش سىياسىتىنى قارىلايدۇ؛

2. خىتاي ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىنى ئۇلار ئىنسيانغا قاتناشتى دەپ ئەيىپلىگەن بولسىمۇ، لېكىن بىرەر خەلىق ئارا نورمىغا ماس كېلىدىغان گۇنا قويۇلماي، قولغا ئېلىنغانلارنى، تۇرمىگە تاشلانغانلارنى دەرھال ئازات قىلىشقا چاقىرىدۇ. 1997 - ژىلى 1 - يانۋاردا كۇچكە كىرگەن جىنائىي ئىشلار بويىچە خىتاي قانۇنىدا كوزدە تۇتۇلغىنىدەك، ئىشنى ئادۋوكاتلارنىڭ ئىشتىراكىدا كوپچىلىكنىڭ ئاڭلىشى بىلەن بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشقا چاقىرىدۇ.

3. خىتاي ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىدىن شەرقىي تۇركىستاندىكى ۋاقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك ھەممە پارتىيەلەر بىلەن سىياسىي سوھبەت ژۇرگۇزۇش ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەر خىل تەلەپلىرىنى ھەل قىلىشنىڭ ئېقىلغا مۇۋاپىق سىياسىي يولىنى تېپىشقا چاقىرىدۇ.

4. خىتاي ھاكىمىيىتىدىن ژۇرنالىستلارنىڭ ۋە ئىنسان ھوقۇقىنى كوزەتكۇچىلەرنىڭ شەرقىي تۇركىستانغا (شىنجاڭ رايونىغا) كىرىپ - چىقىشىغا رۇخسەت بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

كورۇپ تۇرۇپتىمىزكى، ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ بىسىل 10 - ئاپرىلدا چىقارغان بۇ قارارى شەرقىي تۇركىستاندىكى ئېغىر ئەھۋالنى سىياسىي ئەۋرىشىملىك بىلەن مەدەنىي يولدا ئىپادە قىلغان ۋە مۇھىم مەسىلەرنى ھەل قىلىشقا قارىتىلغان كەسكىن پىكىرلەرنى خەلىق ئارا نورمىلار دەرىجىسىدە ئىزاھلىغان. شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش كەرزىيدۇكى، ياۋروپا پارلامېنتى دۇنيادىكى ئەڭ سالاھىيەتلىك چوڭ ۋە جىددىي تەشكىلاتلارنىڭ بىرى بولۇپ، ھېساپلىنىدۇ. ئۇ ياۋروپا قىتئەسىدىكى بارلىق دولەتلەر پارلامېنتلىرىغا ۋاكالەتلىك قىلىدىغان بۇيۇك بىرلەشمە بولغاچقا، ھازىرغىچە ئۇنىڭ پىكىر - تەكلىپ ۋە تەلەپلىرىگە دۇنيانىڭ ھەر قانداق مەملىكەتلىرى قۇلاق سېلىپ كېلىۋاتىدۇ.

شەرقىي تۇركىستان مەسىلىسىنىڭ ئەينە شۇنداق تەشكىلاتنىڭ دىققەت ئېتىۋارىغا سازاۋەر بولۇشى، ئەلۋەتتە،ئاسانلا،بىر كۇندىلا قولغا كەلگىنى يوق. بۇنىڭدا مەن ياۋروپىدىكى مۇجاھىدىمىز ئەركىن ئالىپتېكىننى ئالاھىدە رول ئوينىغانلىغىنى قەيت قىلىپ ئوتۇشنى ئورۇنلۇق دەپ ھېساپلايمەن. بۇ يەردە گەپنىڭ قۇرۇق سوز بولۇپ قالماسلىغى ئۇچۇن موشۇ ھوججەتنىڭ قوبۇل قىلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك بىر ۋاقەنى ئەسلەپ ئوتەي.

بىز ئوتكەن ژىلنىڭ ئاخىرىدا ئالمۇتا ۋە بىشكېكتىن بىر توپ كىشىلەر تۇركىيەدىكى مۇجاھىدىمىز مەرھۇم ئەيسا يۇسۇپ ئالىپتېكىن ۋاپاتىنىڭ بىر ژىللىغىغا بېغىشلانغان نەزىرىگە ئىشتىراك قىلىش ئۇچۇن ئىستامبۇلغا بارغان ئىدۇق. نەزىرلەر تۇگەپ، مېھمانلار ئەركىن ئالىپتېكىننىڭ ئويىدە ئولتىراتتۇق. تۇيۇقسىز ژىراق يوللۇق تېلېفون ژىرىڭلاپ قالدى. ئەركىن كىم بىلەندۇ ئىنگلىز تىلىدا ئۇزاق سوزلەشكەندىن كېيىن، تروبكىنى قويۇپ، بىزنىڭ ئالدىمىزغا خوشال قىياپەتتە كەلدىدە، «بىزنىڭمۇ خوشال بولىدىغان ۋاقتىمىز بار ئوخشايدۇ، ياۋروپا پارلامېنتى نەچچە ژىلدىن بېرى ئېيتىپ كەلگەن ھال - مۇكمىزغا يېتىپ، ۋەتىنىمىز ھەققىدە قارار چىقارماقچى بولۇۋېتىپتۇ. مەن بىلەن ھازىرلا ئۇنىڭ لايىھىسى توغرىلىق پىكىرلەشتى دېدىدە، ماتەم دەستىخىنىغا ئازىراق بولسىمۇ شادىيانلىق بەخش ئەتكەندەك بولدى.

بىز ئالمۇتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ، پات - پاتلا تېلېفون قىلىپ، ئەينە شۇ قارارنىڭ پات ئارىدا چىقىدىغانلىغى توغرىلىق بىزنى خەۋەردار قىلىپ تۇردى. ئاپرېلنىڭ ئوتتۇرلىرىدا بولسا، يەنە ئەركىن ئالىپتېكىننىڭ خوشاللىق بىلەن تولغان ئاۋازىنى تېلېفوندىن ئاڭلىدىم ئۇ ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ 10 - ئاپرىلدا بىز تاقەتسىز بولۇپ كۇتكەن قارارنى چىقارغانلىغىنى ئېيتتى. گەرچە ئەركىن بۇ قارارنى بىزگە ھەيەل قىلماي ئەۋەتىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئوزۇمىزگە باغلىق بولمىغان بەزى بىر سەۋەپلەر تۇپەيلى ئۇنى بۇگۇن كېچىكىپ بولسىمۇ گېزىتخانلار دىققىتىگە ھاۋالە قىلىشقا مۇيەسسەر بولدۇق.

مېنىڭ ژۇقۇرىدىكى جەرىيانىنى ئالاھىدە كورسىتىپ ئوتۇشۇم تەسادىپىي ئەمەس. خەلقىمىزدە «بالا ژىغلىمىسا،ئانا ئەمچەك سالمايدۇ» دېگەن گەپ بار. ئەگەر بىز ۋەتىنىمىز دەردىنى ئوزىمىز خەلىق ئارا جامائەتچىلىككە يەتكۇزمىسەك، بۇ يولدا ئۇچرايدىغان ھەر خىل توسالغۇلۇقلارنى، قىيىنچىلىقلارنى يەڭمىسەك، بىز ئۇچۇن ھېچ كىم ژىغلاپ بەرمەيدۇ، يول ژۇرمەيدۇ. مانا موشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بىزگە ھەممە جەھەتتىن پىششىپ - يېتىلگەن سالاھىيەتلىك يولباشچى كېرەك. مەن ئەركىن ئالىپتېكىننى ئەينە شۇنداق كىشى دەپ ھېساپلايمەن. ھەر قانداق ئۇششاق سوز - چۇچەك، تالاش - تارتىش نىزا، لىدېرلىق تالىشىش ئوخشاش ئىللەتلەرنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، ھەر بىرىمىز ئوزىمىزنى ۋەتەن ئىستىقلالىيتى ئۇچۇن كۇرەشىدىغان ئاددىي بىر جەڭچى دەپ ھېساپلىساق، ئۇ چاغدا بىز ۋاكالەتلىك قىلغۇچى شەخس ئەتراپىغا بىرلىشەلەيمىز. كۇچىمىز ئۇلغىيىپ، ۋەتەن داۋاسىنى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە ئوتتۇرلۇق ئېلىپ بارالايمىز. شۇڭلاشقا ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ۋەتىنىمىز ھەققىدە چىقارغان قارارى بىزگە پەقەت يار - يولەك، مەدەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شۇنداقلا، بىزنى بىرلەشتۇرىدىغان، يېگانە ئويلاشقا، يېگانە پىكىر قىلىشقا دەۋەت قىلىدىغان ھوججەتكە ئايلىنىپ قالغۇسىدۇر.

دولقۇن ياسىن.

قەلبلەرنى قايىل قىلغان ماھارەت

يازغۇچى يۈسۈپ ئىلياس - 70 ياشتا

ئىجادىيەتنىڭ مەشەققەتلىك يوللىرىدا

ئاتمىشىنچى يىللارنىڭ بېشىدا كېيىنرەك ئەدەبىياتىمىزغا كەلگەن بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ باش-قىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان، تىنىڭ ماۋزۇلارغا مۇراجەت قىلغان ئەسەرلىرى تۈپەيلى يازغۇ-چى يۈسۈپ ئىلياس كىتابخانلار دىققىتىنى بىر-دىنلا جەلىپ قىلىۋالغان ئىدى. دېمىسىمۇ ھايا-تىمىزدا شەكىللىنىپ قالغان مەدھىيۋازلىق، ژۇ-قۇرقى ئورۇنلارنىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە ئە-سەر يېزىپ ئۆگىنىپ قالغان ھەم شۇ ئۈگاي يول ئارقىلىق شوھرەت - ئاتاقلارغا يېتىشىۋاتقان ياز-غۇچىلارنىڭ قاتارىغا قوشۇلغان ئۇ ئۆزىچە ئالا-ھىدىلىكى بىلەن كۆزگە چۈشتى. ئۇنىڭ سوت-سىيالىزمنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىدە ھاياتىمىزنىڭ كولەڭگۈياقلىرىنى بەدىي ئەسەرلەردە ئەكس ئەت-كۈزۈپ تەنقىت ھەم ئاچچىق كىنايە قىلىشى بىر مۇنچىلارغا ياقمىدى. ئامما ئۆز قەلبىنىڭ ئەم-رىگە بېقىنغان ھەم تاللاۋالغان يولىدىن قايت-ماسقا بەل باغلىغان يۈسۈپ ئىلياس ئەسەرلە-رىنى شۇ روھتا يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، مو-شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ قەلىمىدىن ۋۇجۇتقا كەلگەن ئاچچىق ھەقىقەت بىلەن سۇغىرىلغان، بەزىدە ھەجۋىي - كۈلكىمۇ يېقىن ئەسەرلىرى بار-لىققا كەلدى.

يازغۇچى بولۇپمۇ چالا- پۇلا ئوقۇۋېلىپ مول-لا بولۇۋالغان، دىنىنى كۆن كورۇشنىڭ، بايلىق ژىغىشنىڭ مەنبەسى قىلىۋالغان ئايرىم ئىنساپ-سىز شەخسلەرنىڭ ئاددىي ئادەملەرنى ئالداپ، ئاغزىدا دېگىنى ئەمەلىياتتا ماس كەلمەيدىغان ئىشلىرىنى، ئۇمۇمەن ئۇلارنىڭ رەزگى پائالىيەت-لىرىنى بەدىي سوز ئارقىلىق ئوچۇق پاش قىل-دى.

ئىجادىي ئىزدىنىشقا تولۇپ تاشقان بۇتەكەن ژىللاردا يازغۇچىنىڭ تېماتىكىسىمۇ كەڭىيىپ، ھاياتقا تېخىمۇ چوڭقۇر چوكۇپ، ئۇنى ھەر تە-رەپلىمە تەڭ كورسىتىشكە باشلىدى. بۇگۈنكى كۈنلەردە 70 ياشلىق تويىنى نىشانلاۋاتقان ياز-غۇچى بىر نەچچە ھېكايە ۋە پوۋېستلارنىڭ، رو-مانىنىڭ مۇئەللىپى. ئۇلارنى دۇنيا قارىشى ئوز-گەرگەن كىتابخانمۇ ھازىر ژۇقۇرى باھالىماقتا.

يۈسۈپ ئىلياس 1927 - ژىلى ئۇيغۇر ناھ-يەسى غالجات يېزىسىدا دېخان ئائىلىسىدە تۇ-غۇلغان. 1918 - ژىلقى ئاتۇ ۋاقەسىدىكى دەھ-شەتلەردىن تېخى ئوكشىلالمىغان ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا ئەندى كوممۇنا ۋە كولخوزلارنى قورۇش باشلىنىپ، مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش، سەللا ھاللىقلارنى كۇلاك قىلىپ، تەقىپ ئاس-تىغا ئېلىش خوۋىپى تۇغۇلدى. مۇشۇنداق ئەھ-ۋالدا كوپلىگەن ئۇيغۇرلار خوشنا ئەلگە كېتىش-كە قارار قىلدى. شۇلار قاتارىدا ئالتە ئايلىق يۈسۈپ ئىلياسنى ئېلىپ ئاتا- ئانىسىمۇ شەر-قىي تۈركستانغا كوچۈپ كەتتى.

ي. ئىلياس باشلانغۇچ مەكتەپنى جاغىستايدا تاماملاپ، ئاندىن غۇلجىدا ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇدى. مۇئەللىملەر كۇرسىنى پۈتىرىپ، مەك-تەپلەردە ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى پەنى بو-

يىچە مۇئەللىم بولۇپ ئىشلىدى. 1955 - ژى-لى ئۆرۈمچىدە نەشىر قىلىنغان مائارىپ ساھا-سىغا ئائىت ژۇرنال رېداكسىيەسىدە ئىشلىدى. موشۇ ژىللار ئىچىدە ئۇ ئىجادىيەت بىلەنمۇ شۇ-غۇللاندى.

قىرىغىنچى ژىللاردا كېڭەش ئىتتىپاقىدا نە-شىر قىلىنغان ئەدەبىي كىتاپلار شەرقىي تۈر-كىستاندا كەڭ تارىلىپ تۇردى. شۇنداق ئەھ-ۋالدا، باشقىلار قاتارىدا يۈسۈپ ئىلياسمۇ ئۆز-ىنىڭ ئۇستازى بولۇپ قالغان ئابدۇلھەي مۇ-ھەممەدىي، نۇر ئىسرائىلوۋ، تۇردى ھەسەن، ئا. چېخوۋ، ن. گوگول، ئا. قاھھار، م. ئەۋېزوۋ، غ. مۇسرېپوۋ ئوخشاش يازغۇچىلارنىڭ ئەسە-رلىرى بىلەن تونۇشۇشقا مۇمكىنچىلىك ئالدى. ئۇلاردىن ئىلھاملانغان ھەۋەسكار ئۆزىمۇ دە-لەپكى ئەسەرلىرىنى يېزىشقا كىرىشتى. شۇنىڭ مەھسۇلى بولغان «ئانا قەلبى» دەسلەپكى ھېكا-يىلار توپلىمى ئۆرۈمچىدە يورۇق كوردى.

تەغدىر تەقەززاسى بىلەن يۈسۈپ ئىلياس 1961 - ژىلى قازاقستانغا كوچۇپ چىقتى. ئۇ دەسلەپ ئالمۇتا ۋىلايەتلىك مۇئەللىملەر بىلە-مىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئىنستىتۇتىدا مېتو-دىست، ئاندىن ئا. روزىباقىيېۋ نامىدىكى 153- ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىۋىدە مۇئەللىم بولۇپ ئىش-لىدى. 1985 - ژىلى ئۇ مەتبۇئات ساھاسى-غا يوتكەلدى. «يېڭى ھايات» گېزىتىدا مۇخ-بىر، كېيىن «ژازۇشى» نەشرىياتى ئۇيغۇر ئە-دەبىياتى رېداكسىيەسىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەپ، پېنسىيەگە چىقتى.

موشۇ ژىللاردا ئۇ ئىجادىيەت بىلەن قىزغىن شۇغۇللىنىپ ژۈردى. ئۇنىڭ موشۇ ژىللاردا يو-رۇق كورگەن «سولدات ھېكايىسى»، «ئۇلار يەنە ئۇچراشتى»، «ئونتولماس ئون ئىككى ژىل» «ئادىمى شەيتان» ئوخشاش ھېكايە ۋە پوۋېست-لىرىنىڭ توپلىمى تىنىمسىز ئىجادىي ئىشتىن دېرەك بەرگەندى. يازغۇچىنىڭ ئۇيغۇرلار دىيا-رىغا خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ كېلىشى ۋە ئۇ-لارنىڭ بۇ يەردە ئىشلەتكەن رەزىل سىياسىتى-نى پاش قىلىدىغان «ئونتولماس ئون ئىككى ژىل» پوۋېستى دىققەتكە سازاۋەر.

مەتبۇئات ساھاسىدا ئىشلەش، ئەدەبىي ئە-جاتكارلار بىلەن قويۇق ئارىلىشىش، شۇنداقلا شەخسىي ئىزدىنىش نەتىجىسىدە يازغۇچىنىڭ ئىجادىيىتى كامالەت چوققىلىرىغا قاراپ ئىشەش-لىك قەدەم باستى. بۇنىڭغا يازغۇچىنىڭ 1992 - ژىلى يورۇققا چىققان «ئېغىر تىنىقلار» تارىخىي رومانى دەلىل بولالايدۇ.

ھەقىقەتەنمۇ خەلقىمىز ئۈچۈن ئېغىر تىنىقلار دەۋرى بولغان 16 - ئەسىرنىڭ ئاياقلىرىدىن 17 - ئەسىرنىڭ باشلىرى مىللىي تارىخىمىزنىڭ ئىنتايىن مۇشكۈل ۋاقتى «ئاق تاغلىقلار» ۋە «قارا تاغلىقلار» بولۇپ بولۇنۇپ، ئۆز ئارا ئۇ-رۇشىۋاتقان ئۇيغۇرلار ئۇيدان ھالسىرىغاندا جوڭغارلار بېسىپ كىرىپ، ئۆز ھوكۇمرانلىقىنى ئورناتتى. ئەسەردە يازغۇچى «قارا تاغلىقلار-



[illegible]

ئىلاخۇن جەلىلوۋ،
قازاقستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى.

يۈسۈپ ئىلياس ئىجادىيەت يولىنى توغ-را بەلگىلەپ، قەلەم تەۋرىتىشتە تەجرىبىسى مول، ئىلھام قۇۋۋىتى يېشىپ يېتىلگەن سالماق-لىق ۋە سالاپەتلىك [illegible] تەپەككۇرى مەسئۇلىيەتلىك بولۇش بىلەن ئەسەر-

ئۆزۈر قىلىش ئادالەتسىزلىك بولار ئىدى. [illegible] ئىستىدات ئىگىسى، ئەمگەك سۆيەر، ئىجادكار، مەزمۇنى - بەدىئىيلىكى ئۈستىدىن ئە-سەرلىرى ئارقىلىق خەلقىمىز [illegible] ئاڭلىتىشقا ئېرىشكەن يازغۇچىمىز يۈسۈپ ئىل-

ئەدىب ھەققىدە

لىرى، خۇسۇسەن تارىخىمىزغا بېغىشلانغان پروزىلىق - نەسرىي ئەسەرلىرى ئەدەبىيات غەزىنىسىنى تولدۇرغان [illegible] ھۆرمەت-لىك ئورۇننى ئىگىللىمەكتە.

ئەينە شۇ سەۋەپتىنمۇ ھازىرقى زامان مىل-لىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ موشۇنچىلىك دەرىجى-دە ئۆسۈپ - يېتىلگەنلىكىنى يۈسۈپ ئىل-ياسسىز، ئۇنىڭ تەمل ئەسەرلىرىسىز تەسەۋ-

ياسىنى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ھېچ قانداق تار-تىنماستىن، ئىشەنچلىك ھالدا، [illegible] خەلق-لەرگە تونۇتۇشقا ئەرزىيدۇ. ئەينە شۇنداق قىلالىساق، ئۇنىڭ 70 ياشقا تولغان مۇبارەك كۈنىنى، ئىجادىي پائالىيىتىنى مۇناسىپ تەب-رىكلىگەن بولىمىز.

زىيا سەمەدى.
قازاقستان خەلق يازغۇچىسى.

كوڭلىمدە قالغان تەسىراتلار

نەشرىياتلىرىمىز بىر بىنادا بولۇپ، يازغۇ-چى يۈسۈپ ئاكا ئىلياس بىلەن يېقىندىن ئارى-لىشىپ ژۈرگەنلىكىمىز ئۇنىڭ يازغۇچى ۋە ئىنسان رېتىدىكى ئىچكى دۇنياسىنى چۈشى-نىشىمىزگە ئىمكانىيەت ھاسىل قىلغان ئىدى. ئادەتتە كام سوزلۈك، لېكىن ناھايىتى مەنى-لىك، سالماقلىق سوزلەيدىغان بۇ كىشىنىڭ خەلقىمىزنىڭ ئوتمۇش تارىخىغا مۇناسىۋەت-لىك قىلىدىغان سوزلىرى، ئېيتىدىغان ھەر خىل رىۋايەتلىرى بىزگە ئالاھىدە تەسىر قى-لاتتى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆ-ھبەت بولۇپ، پاراڭلىرىنى تىڭشاشقا ھەممىمىز خۇشتار ئىدۇق.

يۈسۈپ ئاكا ئىلياسنىڭ ئوز سوزى ئارىسىدا خەلق تىلىدىكى ئاددىي لېكىن چوڭقۇر مەنالىق، جانلىق، ئوبرازلىق سوزلەرنى قو-شۇپ سوزلەيدىغانلىقى مېنىڭ كوڭلۈمدە ئالاھىدە تەسىرات قالدۇراتتى. ئۇنىڭ ژۇ-قۇرى يازغۇچىلىق ماھارەت بىلەن يازغان ئاخىرقى «ئېغىر تىنىقلار» رومانىدىمۇ بۇ ئوز ئىپادىسىنى تاپقان.

زېرىپ مولوتوۋ.
«راۋىنان» نەشرىياتى ئۇيغۇر رېداكسىيەسىنىڭ مۇھەررىرى.

ئادىمى ئادەم

«ژازۇشى» نەشرىياتىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىيا-تى رېداكسىيەسىگە يۈسۈپ ئىلياس ئەيارۇۋ رېداكتور بولۇپ كەلگىنىدە بۇرۇن ئۇ كىشى-نىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇش بولسامۇ، ئو-زىنى دەسلەپكى قېتىم كورۇشۇم ئىدى. كۆن-لەر ئوتكەنسىرى يۈسۈپ ئاكا ئىلياسنىڭ كى-چىك پېئىل، كەمتەر، ئادىمى ئادەم بولۇپلا قالماي، تىرىك ئارخىۋ ئىكەنلىكى ماگىلا ئە-مەس، نەشرىياتتا ئىشلەۋاتقان ھەممىمىزگە ئايان بولدى. ئىشتا باشقا بولۇملەردىكى قا-زاق ژىگىتلىرى ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا ئۇ كى-شى بىلەن ئۇزلىشىپ كېتىپ، ئۇلار بىزنىڭ بولۇمنىڭ ئىشىگىنى ئېچىپ، ناھايىتى كوپ تاماكا چېكىدىغان يۈسۈپ ئاكىغا مۇراجەت قىلىپ، «ئاغا، تېمكى تارتپايمىزبا؟» دەپ چاقىرىشاتتى. ئەگەر يۈسۈپ ئاكا يوق بولۇپ قالسا «تارىخچى ئاغا قايدا؟» دەپ سورىشىدىغان.

ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا بىزگە ئۇستاز رېتىدە قەدىرلىك بولۇپ قالغان يۈسۈپ ئاكا ئىلياس تېخى نەشرىياتقا تەۋسىيە قىلمىغان يېڭى تارىخىي رومانى «ئېغىر تىنىقلار» توغرىلىق كۈندە ئاز- ئازدىن سوزلەپ بېرەتتى. شۇ ئار-قىلىق ئۇ زورقەملىك بىلەن يېزىۋاتقان روما-نىنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولاتتۇق.

مېنىڭ بۇ رومانىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىۋات-قىنىم، مېنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ كىتاپ بەك ئەزىز. چۈنكى كىتاپنى قول يازمىسىدىن كېيىن ما-شىنكىدا باستۇرۇش، تەھرىرلىك قىلىش. تېز ئارىدا نەشرىياتتىن چىقىرىش بېۋاستە مې-نىڭ ئۇلۇشۇمغا باغلىق بولغان ئىدى. كىتاپ چىققاندىن كېيىن خۇددى ئۇ كىتاپنىڭ مۇ-ئەللىپى مەندەك خۇشال بولۇپ، كىتاپخانلار-نىڭ ئىنكاسىنى كۈتۈپ كەتتىم.

بۇ كۈنلەردە يۈسۈپ ئاكىمۇ، مەنمۇ پېنسى-يەدە. ئۇ كىشى «ئېغىر تىنىقلار» رومانىنىڭ ئىككىنچى كىتاۋىنى يېزىپ ئاياقلاشتۇردى. مەن بولسام تاقەتسىز كۈتكەن بۇ ئەسەرنى قول يازمىسى بويىچە بىر ئوقۇۋېلىپ، ئاندىن ماشىنكىدىن چىقىرىپ بەرسەم، چوڭ بىر ئىش-قا تامچىدەك بولسىمۇ ھەسسە قوشۇپ بەر-گەندەك ئۆزەمنى بەختلىك ھېس قىلغان بو-لار ئىدىم.

رەنا داۋۇتوۋا.
«ژازۇشى» نەشرىياتىنىڭ سابىق رېداكتورى.

تارىخىمىز سەھىپىلىرى ناماين قىلىنغان ئەسەر

يالقۇنلۇق شائىرىمىز لۇتپۇللا مۇتەللىپ ناۋائىينىڭ «خەمسەسىنى» ئوقۇغاندا ئال-غان تەسىراتى توغرىلىق بىر شېئىرىدا:

ئوقۇپ ئەشئارلىرىنى غەرىق مەس بولۇپ،
تەسىراتىم چىنىسىگە تەسرات تولۇپ،
كوزۇم بىر ئۇختىغا قاراپ قېتىپ قالدۇ،
ۋۇجۇدۇم خىيال بەھرىگە پېتىپ قالدۇ...

دېگەن ئىكەن. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش يازغۇچى يۈسۈپ ئىلياسنىڭ «ئېغىر تى-نىقلار» دەپ ئاتىلىدىغان تارىخىي روما-نىنى ئوقۇغان چېغىمدا، تەسىراتىم چىنى-سىگە تەسرات تولۇپ، ۋۇجۇدۇم ئوي - خىيالغا پېتىپ قالدى. چوڭقۇر ھاياجان ئىلكىدە قالدىم. ئۇنىڭدىكى ئادەم قەلبىنى ئازاپلايدىغان ۋاقىئە ھەم تەغدىرلەرنى ئە-لىگىنىمدە، ئېغىر تىنىپ ژۈردۈم. چۈنكى 16 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 17 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە 170 ژىل ھوكۈم سۈرگەن سەئىدىيە ئۇيغۇر دولىتىنىڭ ئەدىكى بىر كەلگىندى - ھىدايەتۇللا - (ئاپپاق غوجا) ئىشانىنىڭ جوڭغار قالماقلىرىنى باشلاپ كې-لىشى بىلەن ئاغدۇرۇلۇشى، شەرقىي تۈر-كىستاننى «ۋەتىنىم» دەپ بىلىدىغان كىم-گە بولسۇن چوڭ يوقىتىش ئىدى.

خۇدا ئۇرغاننى خۇدا بەردى قوشلاپ ئۇرىدۇ دېگەندەك، ۋەتىنىمىز قالماقلارنىڭ

ئاياق - ئاستىدا دەپسەندە بولغىنىنى ئاز دەپ، ھىدايەتۇللا باشچىلىغىدىكى «ئاق تاغلىقلار» بىلەن دانىيال غوجا باشچىلىغى-دىكى «قاراتاغلىقلار» ئوز ئارا چىقىشال-ماي ئورۇشىدۇ. بۇ ئۇرۇش شەرقىي تۈر-كىستان خەلقىنى خانۇ - ۋەيران، سەرسان - سەرگەردانچىلىققا سالىدۇ. شۇنداقلا، ھە-دايەتۇللا ئىشان ۋە ئۇنىڭ «جالالات خې-نىم» دەپ نام ئالغان ئايالى ئوز رەقىپلە-رى تەرىپىدىن ئولتۈرىلىدۇ.

«ئېغىر تىنىقلار» رومانى مونۇ تەبەت تەسۋىرى بىلەن باشلانغان:

«..... بۇ چاغدا تېكەس ۋادىسى شۇن-داق گۈزەللىشىپ كېتىدۇكى، رەڭمۇ - رەڭ گۈل - چېچەكلىرىنى نامايىش قىلىش ئۈ-چۈن دۇنيادىكى ھەممە گىيالار موشۇ ۋادى-نى تاللاپ ئالغاندەك كورۇنىدۇ. يېشىل دالانىڭ ئۈستى ئاق، قىزىل، ھال ۋە سې-رىق ئېچىلغان گۈللەر بىلەن چىمىرلاپ كېتىدۇ. ھاۋادىن دىماقنى يارغىدەك خۇش پۇراقلار تارقىلىدۇ. تەبەتنىڭ بۇ مەنزىرى-سىدىن بەھرىمەن بولغان بوز تورغايلار ئاغامچا بويى ئېگىزلىككە چىقىپ، قىن - قىنىغا پاتماي سايرىماقتا...»

تېكەس ۋادىسىنى ئەشۇنداق ئادەم زېھنى ئېچىلغىدەك تەسۋىرلەۋاتقان مۇ-

ئەللىپ، كېلىۋاتقان ئۇچ ئاتلىقنىڭ بىرى دانىيال غوجىغا بۇ مەنزىرىلىك جايلارنىڭ ھېچ قانداق ياخشى تەسىر قىلمىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئوز خىيالى بىلەن بەنت ئىكەنلىكى-نى ئىزھار قىلغان.

خوش، دانىيال غوجا زادى نېمە بوپتۇ؟ يايلاقتا بايرام بولىۋاتىدۇ. ئۇنىڭغا چوڭ ئەمەلدارلار قاتارىدا كورۇدە تۇرۇۋاتقان دانىيال غوجىمۇ (ئوغلى بىلەن) چاقىرىل-غان. بىرىنچى بولۇپ، بۇتىنىڭ ئاستىدىن جوڭغار خانلىغىنىڭ پادىشاسى چىۋان رەپ-تان، ئىككىنچى بولۇپ ئۇنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى ساغا نويان ئوتىدۇ. ئۇچىنچى قې-تىمدا بولسا، نوۋەت دانىيال غوجىغا كېلى-دۇ. «قانداق قىلسام بولار؟ - دېگەن سو-ئال ژىگىندەك سانچىلىدۇ ئۇنىڭغا، - ئەگەر موشۇ كۇپارلارغا ئوخشاش جانسىز بۇتىنىڭ ئاستىدىن ئوتسەم، ئاللا - تائالا بىلەن رە-سۇلىللانىڭ... ئالدىدا قارا ئۇز بولىمەن. ئەگەر ئوتمىسەم، ئىمانى يوق بۇ قانخور خۇنتەيجى كاللامنى ئالىدۇ ياكى ھېلىقى ھاجى، سويۇمنى ئاساۋ ئاتنىڭ قۇيرۇغىغا باغلاپ... كوكۇل ئاچقاندەك ئىش قىلىدۇ...

ئۇ قورسىقى ئېچىپ، كوزى قىزارغان ئاچ شىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغان كېيىك-تەك، نېمە قىلارىنى بىلمەي، چارىسىز قال-

دى. ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىنى بايقىغان موللا ئىبراھىم مەشھۇر:

- ئاۋام (خەلق) ئوز پادىشاسىنىڭ دىنى بىلەن دېگەن ماقال بار. «غوجام كورسۇنگە» بولىسىمۇ جۈرئەت قىلىسىلا، دەپ پىچىرلىدى. ياقۇپ غوجا بولسا:

- ئۇزلىرى «سۇلتان - ئاللا تائالانىڭ سايىسىدۇر» دەتىتىلغۇ، ئاتا، - دېگەن بولدى.

شۇ ئارىدا قېرى لامانىڭ قولىدىكى مىس تاۋاقلار يەنە بىر - بىرىگە ئۇرۇلدى. ئۇنىڭ-دىن بۇ قېتىم چىققان سادا خۇددى قى-يامەت قايىم باشلانغاندەك. دانىيال غوجى-نىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالدى. ئۇ قورقى-قىنىدىن مەبۇدە ئاستىدىن قانداق ئوتكە-نىنى بىلەلمەي قالدى. «خىش قېلىپتىن چىقتى» دەپ ئويلىدىدە، ئىختىيارسىز ھالدا كوزا - تۇگىنىڭ ئۈستىدىكى ئاياق بە-لەن ئەركە ئېلىپ (ھاراقنىڭ بىر تۈرى) بىر نەچچە ژۇتۇم ئىچىۋەتتى ۋە ئوزىدىن بۇرۇن مەبۇدىنىڭ ئاستىدىن ئوتكەنلەرگە ئوخشاش ئۇددۇل كەلگەن جوڭغار قىزىنى سويۇپ، نويانلارنىڭ قېشىغا كەلدى».

كوپىنچە ئادەملەرنىڭ قورقۇمسىز بولۇ-شى، قەھرىمانلىق ئىشلىرى بەخىت - سا-ئادەتكە يەتكۈزسە، بەزىدە دۇشمىنى ئالدى-داقەددىنى پۈكۈپ، بىچارە ھالغا چۈشۈپ قېلىشقا ئوخشاش ئاجىزلىق تەرەپلىرىمۇ كۈتمىگەن يەردىن شۇ ئادەمنى مەنسەپ، ئامەتكە ئېرىشتۈرىدىكەن.

مانا شۇ بايرامدىن كېيىن چىۋان رەپ-تان: «ئاق تاغلىقلار»، «قارا تاغلىقلار» دەپ ئاتىلىدىغان غوجىلارنىڭ ئىچىدە بۇنىڭدەك بىزنى ھورمەت قىلىدىغان ۋە سادىق غوجا بولمىسا كېرەك دەپ ھېساپ-لاپ، دانىيال غوجىنى كورۇدە تۇتۇشتىن ئازات قىلىپ، قەشقەرىيەگە خان قىلىپ بەلگۈلەيدۇ.

ئەينە شۇ خىل سادىقلىق بىلەن مەن-سەپكە ئېرىشكەن دانىيال غوجا ئۇزىنىڭ قىلغان ئەتكەنلىرىگە شىكايەت قىلغان كىشىلەرنى غوجا - ئىشانلارغا، قازى - كا-لانلارغا تۇرلۇك يوللار بىلەن «شەرىئەت ھوكمى» بويىچە قاتتىق جازالاش توغرىسى-دا ئەمىر - پەرمانلار چىقىرىدۇ. نەتىجىدە سانسىز ئاق كوكۇل، ياخشى ئادەملەر، ژى-گىت - قىزلار چالما كېسەك قىلىپ ياكى باشقا ئۇسۇللار بىلەن ئولتۈرىلىدۇ...

«ئېغىر تىنىقلار» رومانىدا غوجا، ئى-شانلارنىڭ سوزى بىلەن قىلىپ ژۈرگەن ئىشلىرى پۈتۈنلەي بىر - بىرىگە ئوخشى-مايدىغان «ھالال بىز» دەپ ژۈرگەنلەر-نىڭ ھارام ئىكەنلىكى بەدىي فاكتلار بى-لەن ئىسپاتلاپ كورسىتىلىدۇ. رومانىنىڭ شۇنچىلىك تەبىي، ئېنىق ۋە شۇنچىلىك تەسىرلىك يېزىلغانلىقى مېنى ئىختىيارسىز قايىل قىلدى.

ئابلىز ھېزىموۋ،
قازاقستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى.

دىلئارا ناخشىلار ساھىبى

ئۆزبەكىستان خەلق ئارتىستى ئابدىرىم ئەخمەدى — 70 ياشتا

سەنئەتكە بېغىشلانغان ھايات

نۇۋەتتە ئورۇنلىنىۋاتقان «يارۇ» ناخشىسىنى تاماشىبىنلار ئۆزىنىڭ تەسىرى ئاستىدا خۇددى [illegible]

[illegible] تىڭشىغۇچىلارنىڭ دىلىغا يول تېپىپ كېتىدىغانلىقى ئۇنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت، ناخشا ـ سازنىڭ بوشۇكى، داڭلىق سەنئەت پېشۋالىرى يېتىلىپ چىققان ئەزىزانە قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلۇپ ئوسكەنلىكىدىن. بالىلىقىدىن قەلب تارلىرىغا شۇ قەدىرلىق دەرگاھتىكى خەلق ناخشىلىرى تەرىزىنىڭ چېكىلگەنلىكىدىندۇر، بەلكىم. شۇ ۋەجىدىن قەشقەر شەھىرىدە دېخان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان كەلگۈسى سەنئەتكار ياشلىقىدىن ناخشا ـ سازغا خۇمارلىق بىلەن ئوستى. ئەينە شۇ ئىنتىلىش، ئىشقىۋازلىق ھەۋەسدە ۋۇرۇپ كامالەتلىك يېشىغا يەتكەن ئا. ئەخمەدى سەنئەتكە بېغىشلىنىپ ئۆتكەن ھاياتنىڭ دەسلەپكى قەدەملىرىنى شۇ يەردىكى سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئىشىكىنى ئاتلاپ كىرىش بىلەن باشلىدى. ئۇ ئۆتكەللەردىن ئۆتچىم بولغىنىدىن كېيىن غۇلجا، چۆچەك شەھەرلىرىدە سەنئەت ئۆمەكلىرىنى قۇرۇشنىڭ تەشەببۇسكارى ۋە تەشكىللىگۈچىسى بولۇپ ئۇ يەرلەردە [illegible] ئېلىپ باردى.

1950 ـ يىلدىن كېيىن ئۇيغۇرلار دىيارىنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ناخشا ـ ئۇسسۇل تىياترىنى قۇرۇش قولغا ئېلىنىپ، [illegible]

1956 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى سەنئەت ئۆمىكى قازاقستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە [illegible] گاستروللۇق سەپەردە بولۇشى ئۇنىڭ نامىنى بۇ يەرلەردىكى قېرىنداش خەلقلەرگە تونۇتتى. [illegible]

[illegible] چۈشكەن كۈلپەتتىن ئابدىرىم ئەخمەدىنىڭ چەتتە قالغىنى يوق. ئۇرلۇك ھىلە ـ نەيرەڭلەر بىلەن ئۇيغۇرلار ۋەتىنىگە كېلىپ ئورۇنلىشىپ ئالغان كەنگۈندىلەر بۇ ۋاقىتتا ھەر خىل بەدنام سىياسى ھەرىكەتلەرنى ئويلاپ چىقىرىپ، ئالدىنقى قاتارلىق زىيالىيلارنى، ئەدەبىياتچىلار بىلەن سەنئەتچىلەرنى، مەدەنىيەت خادىملىرىنى تەقىپلەش ئاستىغا ئالدى. بۇ ئۇلارنى بىر قۇر ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ۋۇرۇزگىنى موجۇپ، ئۇلارنى باش كوتەرگۈزمەسلىكنىڭ ئامىلى ئىدى. شۇ تۈپەيلى ئاتا تۇپراقتىكى زەربىلەر دەستىدىن ئۇ 1960 ـ يىلى ئائىلىسى بىلەن قازاقستانغا كوچۈپ چىقىدۇ.

ئا. ئەخمەدى ئالمۇتىغا كېلىپ ئورۇنلاشقىنىدا، بۇ يەردىكى جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر تىياترى ئۇنى ئىشقا تەكلىپ قىلىدۇ. ۋەتىنىدىن جۇدا بولسىمۇ بالىلىقىدىن كوڭۈل رىشتى چېگىلگەن سەنئەتكارنىڭ ئەندىكى بىر ئۆمۈتمۇ شۇ سەنئەتتىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئىدى. بۇ تەۋەدە 30 ـ يىللارنىڭ بېشىدا تەشكىل قىلىنغان ئۇيغۇر تىياترى كېكەش ئىلىدە ئوتكەن يىللارداپۇز بىرىپ كەلگەن شەخسكە سىغىنىش يۈزىسىدىن ئېلىپ بېرىلگەن تەقىپلەش يەنى ۋەتەن ئۇرۇشى يىللىرىدا ئوز سېپىدىكى بىر نەچچە ئىستېداتلىق ئارتىستلىرىدىن ئايرىلىپ ئەندىگىنە يېگىدىن ئوز تەركىۋىنى تولۇقتۇرۇۋاتقان بىر مەزگىل بولغاچقا تىياتىر كوللېكتىۋى تونۇلغان سەنئەتكارنى قۇچاق ئېچىپ قارشى ئالدى. ئۇنىڭ تىياترغا كىرىشى تىياتىر كوللېكتىۋى، ئۇيغۇر تاماشىبىنلىرى ئۇچۇنمۇ چوڭ خوشاللىق ۋاقىە بولدى. چۈنكى تىياترنىڭ كونسېرت پروگراممىلىرىدىكى ئاساسى ۋۇك ئەندى ئا. ئەخمەدىنىڭ زىممىسىگە ئارتىلدى. شۇنداقلا ئوز نۇۋىتىدە ئۇنىڭ ئورۇنلىشىدىكى ناخشىلارنىڭ قوشۇلۇشى تىياتىر كونسېرت نومېرلىرىنىڭ كەڭىيىپ تاماشىبىنلار ئارىسىدىكى تەسىرىنىڭ ئوسۇشىگە تۈرتكە بولدى.

شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش لازىمكى، ئىلگىرىكى يىللاردا خۇش ئاۋاز ناخشىچىلىقى بىلەنلا كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولۇپ ۋۇرگەن ئا. ئەخمەدى ئەندى ئىزدىنىش، تىرىشىش بىلەن يېڭى قىرىدىن كورۇنۇپ بىر نەچچە سەھنە ئەسەرلىرىدىكى باش روللارنى ئىجرا قىلىشى بىلەن ئاكتيور رېتىدىمۇ تونۇلۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بۇ قابىلىيىتىگە كوز يەتكۈزگەن شۇ يىللاردىكى تىياترنىڭ باش رېژىسسورى س. باشايان دراما ئەسەرلەردىكى ئاساسى باش روللارنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋۈكلەيدىغان بولدى. ناخشا ئىجرا قىلىش قابىلىيىتى ۋە ماھارىتىنىڭ ۋۇقۇرلىقىغا ماسلاشقان ھالدا ئۇنىڭ ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان روللارنىڭ ھوددىسىدىن لاياقەتلىك چىقىشى شۇ يىللاردا تىياتىر تەرىپىدىن قويۇلغان سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ سۈيىتىنى ياخشىلاپ، ئۇلارنىڭ تەسىرى كۈچىنى تاماشىبىنلار ئالدىدا ئۇلغايتتى. بۇ ئۆمۈمەن مىللى تىياترىمىزنىڭ كامالەت دەرىجىسىنىڭ كوتىرىلىشىگە ئېلىپ كەلدى. «ئانارخان» دىكى ھەمرا، «غېرىپ ـ سەنەمدىكى» غېرىپ، «ئارشىن مال ئالان» دىكى ئەسقەر، «مالىنوۋكىدىكى توي» سپېكتاكلىدىكى ئاندرېكا، «قارا كۆز» دىكى نادىر ۋە ئۇنىڭدىن باشقىمۇ كوپلىگەن دراما ئەسەرلەردىكى ئۇنىڭ ئورۇنلىغان باش روللىرى تىياتىر يىلنامىسىدا ئۇزىنىڭ شەرەپلىك ئورنىنى ئېگىلەپ قالدى. بولۇپمۇ باشتىن ئاياق ۋەقەلىكى ناخشا ـ مۇزىكا بىلەن تۇتاش ھالدا ئىپادە قىلىنىدىغان «غېرىپ ـ سەنەم» دراممىسىدىكى ناخشىلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىجرا قىلىشى بىلەن ئۇ تاماشىبىنلار ئارىسىدا چوڭ ئابروي قازاندى.

كېكەش ئىلىدە ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقى ھاياتىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان خەيرلىك ئىشلارنىڭ بىرى ـ 1969 ـ يىلى ئۆزبەكىستاندا خىزمەت كورسەتكەن مەدەنىيەت ئەربابى خېلەم خۇدايبەردىيېۋنىڭ تەشەببۇسى بىلەن خەلقىمىزنىڭ بىباھا مۇزىكا دۇردانىسى 12 مۇقامنى رەتلەپ، ئۇنى لېنتىغا يازدۇرۇپ ئېلىش ئىشىنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقى بولدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن تاشكەنت شەھىرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل ـ ئانسامبلىنىڭ ھوزۇرىغا جاي جايلاردىن مۇقامىمىز ۋارىسلىرى بولۇپ ساناشلىدىغان خەلق تالانتلىرى تەكلىپ قىلىندى. ئەينە شۇلارنىڭ بىرى بولغان ئا. ئەخمەدى بۇ ئىشقا باشتىن ـ ئاياق قاتنىشىپ، ئۇ «ناۋا» «ئۇزھال» مۇقاملىرىنىڭ مۇقەددىملىرىنى ئورۇنلىدى. شۇنداقلا باشقىمۇ مۇقاملارنىڭ داستان، مەشرەپلىرىنى ئىجرا قىلىشقا قاتناشتى.

ـ مۇقاملىرىمىزنى رەتلەپ بىر ئىزغا سېلىش جەريانى مېنىڭ خەلقىمىزنىڭ تۈگمەس مۇزىكا بايلىقىغا بولغان تەشنالىقىمنى بەھۇزۇر بىر قاندۇرغاندەك بولدى. ئۇلار رەتلىنىپ، تولۇقلىنىپ چىققىنىدا بىزنىڭ بىلىپ، ئېيتىپ ۋۇر كەنلىرىمىز دېڭىزدىن بىر تامچا قاتارلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم، ـ دەيدۇ سوھبەت ئارا، ئا. ئەخمەدى ـ ئۇنىڭغا قاتناشقان پېشقەدەم سازەندە ـ مۇقامچىلىرىمىزنىڭ بىر ـ بىرىنى تولۇقتۇرۇپ، مۇقاملىرىمىزنى يېزىپ چىقىش جەريانى مېنىڭ ئۇچۇن بىر ئۆگىنىش مەكتىۋى بولۇپ قالدى. شۇنداقلا مۇقامچىلىرىمىزنىڭ ۋارىسى بولۇپ قېلىش مۇمكىنچىلىكىنى ھاسىل قىلدى.

ئا. ئەخمەدى شۇ سەپەر باھانىسى بىلەن بىر نەچچە يىللار تاشكەنت شەھىرىدە ئىستىقامەت قىلىپ، ئۇ يەردىكى ئۆزبەكىستان دولەت رادىو ـ تېلېۋىدېنىيەسى يېنىدىكى ئۇيغۇر ناخشا ـ ئۇسسۇل ئانسامبلىدا ئىشلىدى. كېيىنرەك مەزكۇر ئانسامبلىنىڭ بەدىئى رەھبىرى لاۋازىمىنى ئاتقۇرۇپ ئانسامبل سەنئەتكارلىرى ماھارىتىنىڭ يۇكسىلىشىگە، شۇنداقلا ئۇنىڭ جۇمھۇرىيەت ۋە ئۇنىڭ سىرتىدىكى جايلاردا تونۇلۇشىغا چوڭ ھەسسە قوشتى. ئۇستاز رېتىدە بىر نەچچە ياش سەنئەتكارلارنى يېتىلدۈرۈپ چىقتى. جۇمھۇرىيەت ھوكۇمىتى تەرىپىدىن 1975 ـ يىلى ئۆزبەكىستاندا خىزمەت كورسەتكەن ئارتىست، 1989 ـ يىلى ئۆزبەكىستان خەلق ئارتىستى ناملىرىنى ئېلىشقا مۇيەسسەر بولۇشىمۇ ئۇنىڭ ئەينە شۇ شەرەپلىك ئەمگىكىنىڭ مۇۋاپىق باھالانغانلىقىنىڭ ئىپادىسى بولدى.

كېيىنكى يىللاردا ئوزى ئەمگەك ئەجرىنى سىڭدۈرگەن ئۇيغۇر تىياترىغا قايتىپ كەلگەن ئا. ئەخمەدى بۇ كۈنلەردە ئۇ يەردىكى سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ ئۇستازى، مەسلىھەتچىسى رېتىدە ئۇنۇملۇك ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ. تىياترنىڭ ھەر بىر كونسېرتلىرىدا تاماشىبىنلار ئۇنىڭ سەھنىگە چىقىشىنى تەقەززالىق ۋە ئالقىشلار بىلەن قارشى ئالىدۇ. يېشىنىڭ ئۇلغىيىپ قالغىنىغا قارىماي، ھېلىغىچە ئۇنىڭ سەھنىدە ئوزىنى تۇتۇشى، چىرايى شەكلىدىمۇ، يېقىملىق لىرىك ئاۋازىدىمۇ ئانچىمۇ ئوزگىرىش يۈز بەرمىگەندەك بايقىلىدۇ.

ئۇنىڭ رېپېرتۇئارىدىن مۇقاملار، سەنئەملەر ۋە كلاسسىك ناخشىلىرىمىز قاتارىدا خەلقىمىز تارىخىدا ئوچمەس نامايەندىلەرگە ئايلىنىپ قالغان كۇرەشچان ئەجداتلىرىمىز توغرىسىدا چىقىرىلغان ناخشىلارمۇ ئۇراقلىق ئورۇن ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ ناخشىلارنىڭ تەربىيەۋىي ئەھمىيىتىنى ھېس قىلىدىغان ئا. ئەخمەدى ئۇلارنى ھەر قاچان ئوز كونسېرت پروگراممىلىرىغا كىرگۈزۈشكە خۇمار. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمان قىزى نازۇگۇم، ئىنقىلاۋىي شائىرىمىز لۇتپۇللا مۇتەللىپكە باغلىنىشلىق ناخشىلار شۇلار جۇملىسىدىندۇر. ئۇ پەقەت ئورۇنلىغۇچىلا بولۇپ قالماي بەستاكارلىق بىلەن ئوزىمۇ بىر نەچچە ناخشىلارنى ئىجات قىلغان.

پۈتكۈل ھاياتىنى ئاڭلىق تۈردە خەلقىمىزنىڭ سەنئىتىنى تەرەققىي ئەتكۈزۈش يولىدا سەرىپ قىلىپ كېلىۋاتقان ئابدىرىم ئاكا ئەخمەدىنىڭ پۈتكۈل ئائىلىسى سەنئىتىمىز گۈلشەنىدىكى بىر گۈلزارلىقتەك ھېس قىلىنىدۇ. ئۆمۈرى تىياترىمىزدا ئۆتۈۋاتقان سەنئەتكارىمىز رەپىقىسى تۇرانقىز بىلەن بۇنىڭدىن يېرىم ئەسىر مۇقەددەم بۇ قۇتلۇق يولغا ئۇزلىرىنى ئاتىغان بولسا، بۇ كۈنلەردە پەرزەنتلىرى ئۇلارنىڭ خەيرلىك ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. بالىلىقىدىنلا سەنئەتتە داڭق چىقارغان چوڭ ئوغلى مۇرات كوپ يىللاردىن بېرى بىزنىڭ قۇتلۇق دەرگاھىمىز سانىلىدىغان جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر تىياترىنىڭ دىرېكتورى ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ كەسپى پائالىيىتىدىن سىرت تىياترىمىزنىڭ بىناسىنى يېڭىلاپ ياساپ چىقىش يولىدا ئاتقۇرۇۋاتقان مەمۇرىي خىزمىتى ئۇنى خەلقىمىزنىڭ ھورمەت ئېتىراپىغا، ئالقىشىغا ئېرىشتۈرمەكتە. ئۇنىڭدىن كېيىنكى پەرزەنتى پولاتنىڭ ئورۇنلاپ كېلىۋاتقان ناخشىلىرى بىلەنمۇ تىياتىر مۇخلىسلىرى ياخشى تونۇش. قىزى ئارزىگۈل ئەشرەپى نامىدىكى تاشكەنت دولەت كونسېرۋاتورىيەسىدە چوڭ ئوقۇتقۇچى. كۈلباھار ئۇيغۇر تىياترىنىڭ كورنەكلىك ئارتىستلىرىنىڭ بىرى. دېمەك، ئۇلار بۈيۈك سەنئەت چىنارىنىڭ مەزمۇت پۇتاقلىرى. نەۋرىلىرىمۇ سەنئەت يولىدا ئۇدۇمىدىن كېلىۋاتقان قابىلىيەتلىرىنى نامايان قىلماقتا.

ئا. ئەخمەدى بىلەن ئىشداش بولغان كەسىپداشلىرى: پاشا ئىشان، پاتەم قۇربان، مەريەم ناسىر، نۇربۈۋى مەمەتوۋا، ئايتۇرغان سابىتوۋا، سالامەت شەرىپجانوۋا ۋە باشقىلار ئۇنى دىلكەش ۋە كىشىلەر بىلەن سەممىي مۇناسىۋەت قىلىشقا قادىر ھەقىقىي ئىنسان رېتىدە، شۇنداقلا ئۇستازى سۈپىتىدە قەدىرلەپ، ئۇنىڭ نامىنى ھەر قاچان ھورمەت بىلەن تىلغا ئېلىشىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ نامى مىللىي سەنئىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ يىلنامىسىدا ئەبەدى ساقلىنىپ قالىدىغان بولىدۇ.

ساۋۇت ئىسكەندەرى.

ماڭا مەڭگۈ قەدىرلىك بولۇپ قالىدۇ

ئابدىرىم ئاكا ئەخمەدىنىڭ كوپلىگەن شاگىرتلىرىنىڭ بىرى قاتارىدا مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن يىللار بىللە ئىشلەپ كېلىۋاتقانلىقىم بىلەن پەخىرلىنىمەن. بىزنىڭ ھايات ۋە ئىش ـ يولىدىكى تەغدىرىمىزمۇ ئوخشاشلىققا ئىگە. ئىش پائالىيىتىمىزنىڭ ئەڭ قايناق ۋە قىزغىن مەزگىللىرى 60 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئۇيغۇر تىياترىغا كىرىپ ئىشلىشىمىزدىن باشلانغان.

ئۇ يىللىرى تىياترىمىزنىڭ باش رېژىسسيورى ۋەزىپىسىدىكى س. باشايان ھەربىر سەنئەتكارنىڭ قابىلىيىتىنى مۇناسىپ باھالاشنى بىلىدىغان كىشى ئىدى. شۇندا پەقەت سالىست رېتىدە سەھنىدە كورۇنۇپ ۋۇرگەن ئابدىرىم ئاكا ئىككىمىزنى ئۇ سپېكتاكللاردا رول ئويناشقا جەلىپ قىلدى. شۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇ يىللىرى قويۇلغان كوپلىگەن سەھنە ئەسەرلىرىدە ئابدىرىم ئاكا ئىككىمىز بىللە رول ئويناپ ۋۇر دۇق. بىز بۇ ساھادا سەھنىگە چىقىشتا تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ، ۋاقىت بىلەن ھېسابلاشماي پۈتكۈل ـ كۈچ غەيرىتىمىزنى سەرپلەپ، جان ـ تېنىمىز بىلەن ئىشلەپ، رېژىسسيورنىڭ بىزگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاقلاشقا تىرىشاتتۇق. ئەينە شۇنداق ئۇملۇك نەتىجىسىدە «مالىنوۋكىدىكى توي» سپېكتاكلىدا ئابدىرىم ئاكا ـ ئاندرېيكا، مەن سوفىيە مىخايلوۋنا، «ئانارخاندا» ئۇ ـ ھەمرا مەن ـ قۇشناچ، «غېرىپ ـ سەنەمدە» ئۇ ـ غېرىپ، مەن ـ ئايىم مەلىكە ۋە باشقىمۇ سەھنە ئەسەرلىرىدە بىللە رول ئويناپ ۋۇر دۇق. ئۇ سپېكتاكللارغا كىشىلەر ئابدىرىم ئاكىنىڭ ئوينايدىغان روللىرىنى كورگىلى كېلىدىغان بولسا، بولۇپمۇ ئاساسى جەھەتتىن ئۇ ئەجايىپ ئاۋازىدا ئېيتىدىغان ناخشىلىرىنى ئاڭلاشقا كوپلەپ كېلەتتى.

ئابدىرىم ئاكىنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى سەممىيلىكى ھەممىمىزنى قايىل قىلىدۇ. ئۇ چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى بىلەن مەسلىھەتداش، دىلكەش، شۇنداقلا يېشىنىڭ ئۇلغىيىپ قالغىنىغا قارىماي ھېلىمۇ كىچىك پېيىللىق خۇسۇسىيىتىدىن ئايرىلماي كېلىۋاتىدۇ.

مەن ئۇستازىمغا بارلىق شاگىرتلىرى نامىدىن ھارماڭ قەدىرلىك ئۇستازىمىز، ئاۋازىڭىز دايىم ياڭراۋەرسۇن، چېھرىڭىزنى ھېچ مەشەم بىزەپ تۇرىدىغان تەبەسسۇم ھېچ قاچان يوقالمىسۇن، ئارىمىزدا كۈلدەك ئېچىلىپ ۋۇرۇۋېرىڭ، خۇدايىم سىزگە ئۇزاق ئۇمۇر ئاتا قىلسۇن! دېمەكچىمەن.

نۇربۈۋى مەمەتوۋا،
قازاقستان خەلق ئارتىستى.

شاگىرتى بولغىنىمغا مەغرۇرلىنىمەن

خەلقىمىز بەزى بىر پاراسەتسىز، كەلباسا ئادەملەرگە قاراپ «ئۇستاز كورمىگەن ئېكەن» دېگەن ئىبارىنى ئىشلىتىدۇ. دېمەك، بۇ چوڭقۇر مەنالىق سوز شاگىرتنىڭ لاياقەتىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان ئۇستاز ئىكەنلىكى ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. شۇ تۇرغىدىن مەن سەنئەت يولىدا قانچىلىك دەرىجىگە يەتكەن بولسام ئۇنى ئۇستازىم ئابدىرىم ئەخمەدىنىڭ ماڭا سىڭدۈرگەن ئېقىدىسى دەپ بىلىمەن.

مېنىڭ سەنئەت يولىدا لەپەر ژانرىنى تاللاپ ئېلىشىمغا ئابدىرىم ئاكام سەۋەپچى بولغان. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ناخشا ـ ئۇسسۇل ئومىكىگە ئىشقا ئورۇنلاشقىنىمدا، ئۇ يەردە ئابدىرىم ئاكامنىڭ دەسلەپكى كۈنلەردىن باشلاپ ماڭا يار ـ يولەك بولۇشى مېنىڭ كەلگۈسىدە سەنئەت سىرلىرىنى ئوزلەشتۈرۈشىمگە تۈرتكە بولغان ئىدى. شۇندا بىز ئىككىمىز بىر پەردىلىك سپېكتاكللاردا بىللە رول ئويناپ ۋۇرگىنىمىزدە ئابدىرىم ئاكا مېنىڭ ئۆزەمگە خاس ئالاھىدىلىك قابىلىيىتىمگە كوز يەتكۈزگەن ھالدا خەلقىمىزنىڭ شوخ ناخشىلىرى، لەپەرلەرنى ئورۇنلىشىمغا مەسلىھەت بەرگەن ئىدى. ئۇستازىم دېگىنىدەك شۇ ساھادىلا ئوسۇپ مەن ئوزەمنى كورسىتەلىدىم.

ئەپسۇس، 1961 ـ يىلى ئابدىرىم ئاكا ئائىلىسى بىلەن سابىق كېڭەشلەر ئېلىغا كوچۇپ چىقىپ كەتتى. مەن شۇ چاغدا خۇددى ئۇچۇشقا تەلپۈنگەن. لېكىن ئىككى قانىتىدىن ئايرىلغان قۇش مىسالى مىسكىنلىشىپ، روھىي ئازاپلانغاندىم. شۇندىن مۇۋاقىت ئوتكەنسىرى قەددىمنى رۇسلاپ، سويۇملۇك ئۇستازىمنىڭ تەلۋى بىلەن سەنئەت دېڭىزىغا شۇڭغۇپ كەتتىم.

ئابدىرىم ئاكىنىڭ يوقلۇغى بىزدە تولىمۇ بىلىندى. بۇگۈنكى كۈنگىچە شۇنداق بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە، ھازىر كوپلەپ تالانتلىق ياشلىرىمىز يېتىلىپ چىقىپ، ئۇلار خەلق ئالقىشىغا ئىگە بولۇۋاتىدۇ. لېكىن ئەخمەدى كەبى سەنئەتكارنىڭ ئورنى بولەكتەك سېزىلىدۇ.

ئۆتكەن 1996 ـ يىلى ئابدىرىم ئاكىنىڭ ۋەتەنگە بولغان گاستروللۇق سەپىرىدە ئۇمۇمي خەلقىمىز تەۋرەپ كەتتى دېسەم، ھېچ ئاشۇرۇپ ئېيتقان بولمايمەن.

مەن قەدىرلىك ئۇستازىم ئابدىرىم ئەخمەدىنى 70 ياشلىق تويى بىلەن تەبرىكلەپ، ئۇنىڭغا مۇستەھكەم سالامەتلىك تىلەيمەن. بىر ـ بىرىمىزنى كۈندە كورمەسەكمۇ كۈندە كورۇشۇپ، دىدارىمىزغا تويۇپ بېقىشنى ئاللا نېسىپ قىلسىكەن دېگۈم كېلىدۇ.

مەريەم ناسىر.

خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك ئارتىسى.

(ئوز ئۇستازىغا بولغان ئىللىق ئىنكاسىنى ئاتاقلىق سەنئەتكار يېقىندا جۇمھۇرىيىتىمىزگە گاستروللۇق سەپىرى بىلەن كەلگىنىدە ئىزھار قىلىپ كەتكەن).

مۇنىر ئىبراھىم ئوغلى: «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلبىدىن ئورۇن تاپقانلىقىم بىلەن پەخىرلىنىمەن»

(ژۇرنالىست، ئالىم مۇنىر ئېرزىن – 70 ياشتا)

چۈغى كىچىگىرەك كەلگەن ئاق – سېرىق، ئارقىسىغا قايرىلغان چاچلىرى كۆمۈچتەك ئاقىرىشقا باشلىغان، ئادەملەر بىلەن كورۈشكەندە، سوھبەتلەشكەندە كۆزلىرىدىن، ئۆزلىرىدىن، سۆزلىرىدىن بىر تۈرلۈك سەمىمىيلىك بىلىنىپ تۇرىدىغان ئىنتايىن كەمتەرىن، ئاق كۆڭۈل، خۇش چىراي ئىنسان مۇنىر ئاكا بىلەن سوھبەتلىشىپ ئولتىرىمىز.

– مۇنىر ئاكا، – دېيمەن ئۇنىڭغا، – سىز تاتار بولسىڭىزمۇ، سىزنى كۆپچىلىك ئۇيغۇر ژۇرنالىستى، ئۇيغۇر ئالىمى – تارىخچىسى دەپ تونۇيدۇ.

– توغرا ئېيتىسىز ئۇكام، – دەيدۇ ئۇ مەمنۇنىيەت بىلەن، – مەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلبىدىن ئورۇن تاپقانلىقىم بىلەن پەخىرلىنىمەن. مېنىڭ كىندىك قېنىم تامغان جاي ئۇ، ئۇيغۇرلار دىيارى شەرقىي تۈركىستان. دېمەك، شەرقىي تۈركىستان مەن ئۈچۈن ئەزىز ۋە مۇقەددەس. مېنىڭ بالىلىق چاغلىرىم، ياشلىق دەۋرلىرىم شەرقىي تۈركىستاندا ئۆتكەن...

مۇنىر ئاكىنىڭ دادىسى ئىبراھىم، بوۋىسى خەلىل ئېرزىنلار ئۆز دەۋرىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق، تەرەققىيپەرۋەر كىشىلىرىدىن بولغان. 1916 – ژىلى ئېرزىنلار ئائىلىسى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ بۇرچىن ناھىيەسىگە بېرىپ ئورۇنلىشىپ قالغان. مۇنىر موشۇ يەردە تۇغۇلۇپ، ئاتىسىدىن كىچىك ژېتىم قېلىپ، بوۋىسىنىڭ قولىدا تەربىيەلىنىگەن. ئۇ قازاق باشلانغۇچ مەكتىۋىنى تاماملىغاندىن كېيىن بوۋىسى ئۇنى ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىدۇ. مۇنىر ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئۆلكىلىك مۇئەللىملەرنى يېتىشتۈرۈش بىلىم يۇرتى (پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى) شەرقىي تۈركىستاندا ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتلەر ئەۋج ئالغان بىر پەيتتە، يەنى 1947 – ژىلىنىڭ ئەتىياز پەسلىدە تاماملىدى. بۇ چاغلاردا مەزكۇر بىلىم يۇرتىدىمۇ گومىنداڭچى خىتاي ھوكۈمىتىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ستۇدېنتلارنىڭ مەخپىي تەشكىلاتلىرى موجۇت ئىدى.

ژىگىرمە ياشلىق م. ئېرزىننىڭ قان تومۇرلىرىدىكى، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىكى باسقۇنچىلارنىڭ زۇلۇمىغا قارشى نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىك ئۇنى تەشكىلاتنىڭ پائالىيىتىدىن چەتتە قويمىدى. ئۇ بىر توپ ۋەتەنپەرۋەر دوستلىرى بىلەن گومىنداڭچى خىتاي ھوكۈمىتىگە قارشى تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى كوچىلارغا چاپلاش ۋە ئۇنى تارقىتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى.

– گومىنداڭچى خىتاي ھوكۈمران دائىرىلىرى بىلەن ھەربىيلىرىنىڭ 11 ماددىلىق بىتىمگە خىلاپلىق قىلىپ، ئۇنى بۇزۇشقا ئۇرۇنغان ھەرىكەتلىرىگە قارشى 1947 – ژىلى 21 – فېۋرال كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە چوڭ نامايىش بولدى، – دەپ ئەسلەيدۇ مۇنىر ئاكا. – مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ ياكخاڭ كۋارتالىدىن شەھەر سېپىلى ئىچىگە قاراپ ماڭغان كۈچلۈك دولقۇنىغا ھېچ نەرسە توسالغۇ بولالمىدى. نەپرەت ۋە ئەشەنچ تۇيغۇلىرى بىلەن قوزغالغان خەلق سېپىل دەرۋازىسى ئالدىغا غالىبانە كېلىپ، 50 ماددىدىن ئىبارەت ئۆزلىرىنىڭ قانۇنى تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. باشقىسىنى ئېيتمىغاننىڭ ئۆزىدە، غۇلجىدىكى فېۋرال ۋاقەسىنى ئېلىپ كورەيلى. بىسىلقى ژىلىنىڭ فېۋرال ئېيىدا غۇلجا شەھىرىدە بولغان نامايىشمۇ قىزىل خىتاي زوراۋانلىرىنىڭ رەزىل سىياسەتلىرىگە نارازىلىق نامايىشى بولغان ئىدى. ئامما بۇ تىنچلىق نامايىشى قوراللىق تۈردە رەھىمسىزلىك بىلەن باستۇرۇلدى، ئۆلتۈرۈلگەن، يۈزلىگەن بىگۇنا ئادەملەر ئۆلدى، مىڭلىغان ژىگىت – قىزلار تۈرمىلەردە ئازاپلانماقتا. قاراڭ، ئەللىك ژىل ئىلگىرىكى گومىنداڭچى خىتاي ھوكۈمران دائىرىلىرى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننى مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇۋالغان كوممۇنىستلار، شىنجاڭنى گۈللەندۈرىمىز دەپ كەلگەن گوڭسەنداڭچى خىتاي ھوكۈمران دائىرىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئىمە پەرق بار؟ «ئاق ئىشت، قارا ئىشت ھەممىسى بىر ئىشت» دېگىنى شۇدە، – دەپ مۇنىر ئاكا ئۇلۇق – كىچىك تىندى.

مۇنىر ئېرزىن بىلىم يۇرتىدىكى ئوقۇشىنى كەسكىن ۋاقەلەر داۋام قىلغان ژىللاردا تاماملىدى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىسىدە ئۇنى ئۆرخان ئىسىملىك تونۇشى: «جۈر، بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى. ئاكام تۈرمىدىن چىقتى. ھازىر گېزىتخانىدا ئىشلەيدۇ. سېنىڭ بىرەر خىزمەتكە ئورۇنلىشىڭغا ياردەم قىلىشى مۇمكىن» دەپ ئۆيىگە باشلاپ باردى. ئۇنى ئېگىز بويلۇق، جۈدەڭ، خۇش چىراي ئادەم قارشى ئالدى. بۇ ئۆرخاننىڭ ئاكىسى ئۇيغۇر سايرانى ئىدى. مۇنىر ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، بىلىم يۇرتىنىڭ خىتاي تىلى فاكۇلتېتىنى تاماملىغانلىغىنى ئېيتقىنىدا، ئۇيغۇر سايرانى: «مەن ھازىر ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىدا چىقىدىغان «شىنجاڭ گېزىتى» تەھرىراتىدا ئىشلەۋاتىمەن. بىزگە خىتاي تىلىنى بىلىدىغان تەرجىمان كېرەك. خالىسىڭىز خىزمەتكە ئالىمىز» دېدى. ياش ژىگىت ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى بىلمەيدىغانلىغىنى ئېيتقىنىدا، سايرانى: «ئەگەر ئۆزىڭىزدە قىزىقىش بولسىلا چاپسان ئۆگىنىۋالىسىز، ياردەم بېرىمىز» دېگەن گەپنى قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن مۇنىر ئېرزىن «شىنجاڭ گېزىتىنىڭ» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشتى. ئۇ دەسلەپ خىتايچە ماتېرىياللارنى قازاقچە، ئاندىن ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىشقا باشلىدى. بۇ يەردە ئۇنىڭغا تەرجىمان، تەھرىر ئەسخەت تاھىرىي يېقىندىن ياردەمدە بولدى. ئۇ كىشى ئەرەپ، پارس، خىتاي تىللىرىنى پۇختا بىلىدىغان ئۇستا تەرجىمان ۋە قەلىمى كۈچلۈك تەھرىر ئىدى. ئەينە شۇ كىشىنى ئۇستاز تۇتقان ياش ژىگىت ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا رەسمىي تەرجىمان ۋە ژۇرنالىست بولۇپ يېتىلدى.

ئۇ چاغدا بۇ گېزىت شەرقىي تۈركىستان ھوكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي ھوكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن 11 ماددىلىق بىتىمنىڭ «مەتبۇئات ئەركىنلىكىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلىنىدۇ» دېگەن 6 – ماددىسىغا باغلىق قايتىدىن تەشكىللىنىپ 1946 – ژىلى 1 – ئىيۇن كۈنى قۇرۇلغان بىرلەشكەن ئۆلكىلىك ھوكۈمىتىنىڭ نەشىر ئەپكارى سۈپىتىدە مۇستەقىل رەۋىشتە چىقىشقا باشلىغان ئىدى. ياش تەرجىمان ۋە ژۇرنالىست مۇنىر ئېرزىن گومىنداڭچى خىتاي ھوكۈمىتىنىڭ 11 ماددىلىق بىتىمنى بۇزۇشقا، خەلقنىڭ ئازاتلىق كۈرىشىنى بوغۇپ تاشلاشقا ئۇرۇنغان ئەكسىيەتچىلىك ھەرىكەتلىرىنى پاش قىلىش يولىدا مەزكۇر گېزىت رېداكسىيەسىنىڭ ئېلىپ بارغان كۈرىشىگە ئاكتىپ قاتناشتى ۋە ئىنقىلاۋىي ھەرىكەت جەريانىدا تاۋلىنىپ ئۆسۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى.

گومىنداڭچى خىتاي ئەكسىيەتچىلىرى بۇ گېزىتنىڭ چىقىشىغا يول قويماسلىق كويىغا چۈشۈپ، ئۇنى تەقىپ قىلىشقا، گېزىت خادىملىرىنى سوتلاشقا ھەرىكەت قىلدى. شۇ چاغدا ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ كورسەتمىسى بويىچە «شىنجاڭ گېزىتىنىڭ» ئۇيغۇر، قازاق تەھرىراتىدىكى خادىملار غۇلجىغا كېتىشكە مەجبۇر بولدى. مۇنىر ئېرزىنمۇ كەسپداشلىرى بىلەن غۇلجىغا يېتىپ كەلدى.

– بىز غۇلجىغا كېلىپ، بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن مېنىڭ «ئىنقىلاۋىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىنىڭ تەھرىر بۆلۈمىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىغىم توغرىلىق ئۇقتۇردى، – دەيدۇ سوھبەت ئارا مۇنىر ئاكا. – مەن ئۈرۈمچىدە «شىنجاڭ گېزىتىدە» ئىككىنچى بىر چوڭ مەكتەپنى تۈگىتىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىغىنى ئۆگىنىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھاياتى، ئۆرپى – ئادىتى، ئەسىرلەر بويى قېلىپلاشقان مەئىشىيتى ۋە ئىجتىمائىي – سىياسىي كۆز قاراشلىرى بىلەن دەسلەپكى قېتىم تونۇشۇشقا مۇيەسسەر بولغان ئىدىم. ئەندى غۇلجىدا، «ئىنقىلاۋىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىگە ئىشقا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، شۇ مەكتەپنى داۋاملىق ئوقۇپ تۈگىتىشكە داغدام يول ئېچىلغانلىغىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

ئەخمەتجان قاسىمىي باشلىق رەھبەرلەر غۇلجىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىچكى قىسمىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەش، دۈشمەنلەرنىڭ تۈرلۈك سۈيقەست، بۇلغىنچىلىك ۋە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە تاقابىل تۇرۇشى، ئىختىساتنى رىۋاجلاندۇرۇش چارە – تەدبىرلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قىزغىن كىرىشتى. «ئىنقىلاۋىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتى ھوكۈمەتنىڭ بۇ مەسىلەلەر بويىچە پائالىيەتلىرىنىڭ ئىزچىل ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ئۈچۈن تەرغىبات، تەشۋىقات ئىشلىرىنى جىددىي ئېلىپ باردى. ژۇرنالىست، تەرجىمان مۇنىر ئېرزىننىڭ بۇ ساھادىكى پائالىيەتلىرى ژۇقۇرى باھالىنىپ، ئۇ شەرقىي تۈركىستان ھوكۈمىتىنىڭ «ساداقەت» مېدالى بىلەن تەغدىرلەندى.

مۇنىر ئېرزىن 1949 – ژىلدىن كېيىن «ئىلى گېزىتى» رېداكسىيەسىدە تەھرىر،

بۆلۈم باشلىغى، مەسئۇل كاتىپ لاۋازىملىرىدا 1955 – ژىلغىچە خىزمەت قىلدى ۋە شۇ ژىلى ماي ئېيىدا سابىق كېڭەش ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ چىقىپ، ئالمۇتا شەھىرىگە كېلىپ ئورۇنلاشتى.

بۇ يەردىكى تۇرمۇش ئۇنىڭ قىيىنچىلىغىنى كورسەتكەن بولسىمۇ، مۇنىر ئاكا ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك كەسپىدىن ۋاز كەچمىدى. ئالمۇتىدىكى بىرىنچى باسمىخانىغا كوررېكتور بولۇپ ئىشقا كىردى. بۇ يەردە ئۇيغۇر تىلىدا چىقىدىغان دەرسلىكلەر بېسىلاتتى. ئۇنىڭ ھەممە جەھەتتىن ساۋاتلىق، قەلەم كۈچى دەرىجىسىدىن خەۋەر تاپقان ئوقۇش – پېداگوگىكا نەشرىياتلىرىنىڭ ئۇيغۇر رېداكسىيەسى ئۇنى دەرسلىكلەرنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئىشلىرىغا قاتنىشىشنى تەكلىپ قىلدى. 1960 – ژىلى تەرجىمان تۇرسۇن دەريايېۋ بىلەن مۇنىر ئېرزىن تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان 7 – سىنىپقا بېغىشلانغان زوئولوگىيە دەرسلىگى يورۇق كۆردى.

1961 – ژىلى م. ئېرزىن «كوممۇنىزم تۇغى» ھازىرقى («ئۇيغۇر ئاۋازى») گېزىتى رېداكسىيەسىگە ئىشقا ئېلىنىپ، كوررېكتورلار بۆلۈمىدە ئىشلىدى. بۇ يەردە ئۇ ئۆزىنىڭ ساۋاتلىق، ئاڭلىق، تەلەپچان، ھەر قانداق ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئىقتىدارىغا ئىگە خادىم ئىكەنلىگىنى كۆرسەتتى. 1967 – ژىلى ئۇ قازاقستان ئىلىملەر ئاكادېمىيەسى تىل بىلىملىرى ئىنستىتۇتى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمىگە ئىشقا تەكلىپ قىلىندى. م. ئېرزىن بۇ يەردە لابورانت بولۇپ ئىشلەپ ژۈرۈپ، س.م.كىروۋ نامىدىكى قازاقستان دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى سىرتتىن ئوقۇش بۆلۈمىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىنى مۇۋاپپەقىيەتلىك تاماملىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىنستىتۇت رەھبەرلىگى ئۇنى كىچىك ئىلمىي خادىم قىلىپ تايىنلىدى.

مۇنىر ئېرزىن 1983 – ژىلى «ئۇيغۇر كېڭەش مەتبۇئاتىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى (1918 – 1937)» دېگەن ماۋزۇدا نامزاتلىق دىسسېرتاسىيەسىنى ياقلىدى. بۇ ئەمگەكنىڭ ئەھمىيىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئالىم پەقەت 1918 – 37 – ژىللار ئارىلىغىدىكى ئۇيغۇر كېڭەش مەتبۇئاتىنىلا ئەمەس، بەلكى ئىنقىلاپتىن ئىلگىركى ئۇيغۇر مەتبۇئاتىنىڭ تارىخىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئۇرغۇنلىغان ئارخىۋ ماتېرىياللىرىنى تەھلىل قىلىپ چىققان. يەنى ئۇ «كەمبەغەللەر ئاۋازى»، «ئىشتىراقيۇن»، «يەتتىسۇ ئىشچى خەلق مۇخبىرى»، «كومبېك»، «ئۇچقۇن»، «فۇقارا»، «قۇتۇلۇش»، «كولخوزچىلار ئەمگىكى»، «قىزىل تۇغ»، «ستالىنچى» ۋە باشقا كۆپلىگەن گېزىتلارنىڭ ماتېرىياللىرىنى قېتىقىنىپ ئۆگىنىپ، خۇلاسىلارنى چىقارغان. دېمەك، ئالىمنىڭ بۇ ئەمگىكى ئۇيغۇر خەلقى مەدەنىيىتىنى يورۇتۇش ئىشىغا قوشۇلغان چوڭ ھەسسىدۇر.

ئالىم مۇنىر ئېرزىن شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەتبەچىلىك سەنئىتى بويىچىمۇ ئەتراپلىق تەتقىقات ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنى ياراتقۇچى خەلقلەرنىڭ بىرىسى ئىكەنلىكىنى رەت قىلىپ بولمايدىغان فاكتلار ئاساسىدا ئىسپاتلىدى. ئۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ شان – شۆھرىتى بولغان بۇ بىباھا مىراسنى ژۇقۇرى باھالىغان ھالدا، ئۇيغۇرلارنىڭ جاھان مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن غەزنىسىگە قوشقان بۇ تۆھپىسى ئەۋلاتتىن – ئەۋلاتقا مەدھىيىلىنىشى كېرەك، دەپ ئادىللانە پىكىر ئېيتتى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەدەنىيەت ۋە ھۈنەرۋەنچىلىك ساھاسىدىكى قول يەتكۈزگەن ئۇتۇقلىرى ئۇنىڭ باكۇ شەھىرىدە نەشىر قىلىنغان «سوۋېت تۈركولوگىيەسى» ژۇرنالىنىڭ 1974 – ژىلقى 4 – سانىدا ئېلان قىلىنغان «تۇلۇما» ۋە «تورما» ئاتالغۇسى ھەققىدە تارىخىي – ئېتنولوگىيەلىك مۇلاھىزىلەر» دېگەن ماقالىسىدىن كۆرۈشكە بولىدۇ.

تارىخچى ئالىم شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلارنىڭ 11 – 14 – ئەسىرلەردىكى تارىخى بويىچىمۇ كۆپ ئىزدەندى. ئەمگەك قىلدى. 1991 – ژىلى ئالمۇتىدا نەشىر قىلىنغان «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق مونوگرافىيەسىنىڭ «موڭغۇللار ھوكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى ئۇيغۇرلار» ناملىق بابى مۇنىر ئېرزىننىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ.

مۇنىر ئېرزىن ژۇرنالىست، تەرجىمان، تارىخچى ئالىم بولۇش بىلەن بىللە ياشلارنىڭ غەمخور ئۇستازىدۇر. مۇنىر ئاكا 1994 – 96 – ئوقۇش ژىللىرىدا ئاباي نامىدىكى ئالمۇتا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ ستۇدېنتلىرىغا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمىي زاماندىن تا ھازىرقى زامان تارىخى بويىچە لېكسىيەلەرنى ئوقۇپ، دەرس ئۆتكەن.

مۇنىر ئېرزىننىڭ كۆرۈنگەن كىشىدە بولۇۋەرمەيدىغان بىر خىسلىتى شۇكى، ئۇ كۆپلىگەن تۈركىي تىللاردىن تاشقىرى رۇس ۋە خىتاي تىللىرىنى مۇكەممەل بىلىدىغان كىشى.

مۇنىر ئاكا ماتا بۈگۈن يەتمىش ياشقا تولۇپ ئولتىرىدۇ. ئۆزىنى قىرىق ياشتىكى قىران ژىگىتتەك چاقان، تېتىك ھېس قىلىپ، دائىم خۇشخۇي ژۈرىدىغان بۇ كىشىنى ھېچ كىم يەتمىش ياشقا كىرگەن دەپ ئويلىمايدۇ. بۇ ھەقتە ھەزىل ئارىلاش ئۇنىڭدىن سورايمەن:

– مۇنىر ئاكا، يەتمىشكە كىرگەن ئادەمنىڭ بېلى مۈكچىيىپ، قەددى پۈكۈلۈشى تەبىئىي ھال. ئىلاھىم تىل تەگمىسۇن، سىز بولسىڭىز ژىگىتتەك تۇرىسىز. بىزمۇ يەتمىشكە كىرگەندە سىزدەك تۇرساق ئارمان يوق ئىدى. ئېيتىڭا، ياكى تاتارلاردا ئادەمنى قېرىتمايدىغان دورا بارمۇ؟

ئۇ ئادەتتىكىدەك قاقاخلاپ كۈلدىدە، شۇنداق دېدى:

– ئادەمنى قېرىتمايدىغان دورا تاتارلاردىلا ئەمەس، ئۇيغۇرلاردىمۇ، باشقا مىللەتلەردىمۇ بار. ئۇ دورا – ھاياتقا بولغان مۇھەببەت، ئۇكام. ئىككىنچىدىن، ئائىلىدىكى خاتىرجەملىك، ئىناقلىق، مۇھەببەت ئىنسان ئۈچۈن قۇدرەت بېرىدىغان كۈچ. مەن قەلەم بىلەن قانچە ئىشلىسەم، كەتمەن بىلەنمۇ شۇنچە ئىشلەيمەن. مېنى قېرىتمايۋاتقان دورىلار ئەينە شۇلار.

ھە، مۇنىر ئاكام ئېيتقانىدەك، ھەممە نەرسە مۇھەببەتتىن باشلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ھاياتقا، ياشاشقا، ئائىلىسىگە، ئادەملەرگە بولغان مۇھەببىتى چەكسىز. ئىككىنچىدىن، ئىنتايىن بەختلىك ئائىلىنىڭ ئاتىسى. ئۆمۈرلۈك رەپىقىسى، ئوتتۇز ژىل تىببىي ساھاسىدا خىزمەت قىلغان گۈلبانۇ ھەدىمىز ئۇنى ھۆرمەتلەشنى، قەدىرلەشنى، ئاسراشنى، خۇشاللىقلىرىغا ئورتاق، قايغۇسىغا ھەمنەپەس بولۇشنى بىلىدىغان ئايال. ئوتتۇرا مەكتەپنى ئالتۇن مېداللار، تىببىي ئىنستىتۇتنى ئەلا باھالاردا تاماملىغان پەرزەنتلىرى – گۈلمىرا بىلەن زۇلفىيە ئاتىسى دېگەن ئۇلۇق نامنى قەدىر تۇتىدىغان قىزلاردىن.

ھە، مۇنداق ئادەملەر ھېچ قاچان قېرىمىسا كېرەك؟!

ئالىمجان باۋدۇنوۋ.

مەتبۇئاتىمىز تارىخىنى تەتقىق قىلغان تۇنجا ئالىم

ئۇرۇش ژىللىرى ھەربىي سەپتە بولغىنىمدا، قېرىنداشلارچە ئىچەكىشىپ كەتكەن تاتار دوستلىرىم ھېلىگىمۇ پات – پات يادىمغا كېلىدۇ... ھەربىي ھاياتنىڭ مىسلىسىز ئېغىرچىلىقلىرىنى تەڭ تارتىشقان مەيدانداش ئەزىزلەر ھەر قانداق تۆزگۈسىز ئېغىر ۋەزىيەتلەردىمۇ دوست – بۇرادەرلىرىگە سەمىمىي – ساداقەتلىكنى، قىيىن – قىستاق شارائىتلارغا بەرداشلىق بېرىش قابىلىيىتىنىڭ كامىللىغى، تۇتۇش قىلغان ھەر قانداق ئىشنىڭ جەزمەن ھۆددىسىدىن چىقىشقا قابىللىغى قاتارلىق ئېزگۈ ئىنسانىي خىسلەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىگى بىلەن بىر ئۆمۈر يادىمدا قالغان ئىدى. بۇ خىل ئالىي ئىنسانىي خىسلەتلەر قېرىنداش تاتار خەلقى ۋەكىللىرىگە بەخش ئېتىلگەن ئاللاھدىلىك بولسا كېرەك، دەپ ھېس قىلاتتىم... ئاللاغا شۈكرى، يېڭىلمىگەن ئىكەنمەن. بۇ پىكرىم مۇبارەك 70 ياشلىق مەرىكىسىنى نىشانلاۋاتقان كەسىپدىشىم مۇنىر مىسالىدا تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى.

مۇنىر ئېرزىننىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق پەنى دەرگاھىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ، مەشەققەتلىك ئىلىم – پەن ساھاسىغا قىزغىن يەك تۇرۇپ كىرىپ كېلىشى قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، ئۇلارنى مەرتلەرچە يېڭىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشقان ئىدى. بۇ يولدا ئۇ ھېچ ئىككىلەنمەي، ھەر قانداق «قارائىش» ۋە ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكلەردىن ئۆزىنى چەتكە ئالمىدى. ئۇ، بەزەن ھاياتتا ئۇچرىشىدىغان شەخسلەر ئوخشاش، «ئېغىرنىڭ ئۈستىدە، يېنىكنىڭ ئاستىدا» ژۈرۈشنى ھەرگىز ئىزدىمىدى. ئۇ ئائىلىسىنى ئاسراش ئۈچۈن بىر تەرەپتىن ئوقۇدى. ئوقۇشنى ئىمتىيازلىق تاماملىغاندىن كېيىن، ئۇ بىۋاسىتە ئىلمىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. بۇ ئىشنىڭ تولۇق ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن ئۆز ئانا تىلىدەك مۇكەممەل بىلىدىغان خەنسۇ، ئۇيغۇر ۋە قازاق تىللىرى ئۈستىگە رۇس، ياپون تىللىرىنى ئۆگىنىشكە جىددىي بەل باغلىدى. بۇ جەرياندا ئۇ ئۇيغۇرلار تارىخىغا، مەدەنىيىتىگە ئائىت ئىيېروگلىق، ئەرەپ، لاتىن، سلاۋيان ۋە ھەتتا ياپونچە يېزىق شەكىللىرىدە پۈتۈلگەن ئۇرغۇن ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى.

مۇنىر كۆزدىن كەچۈرگەن ئۇرغۇنلىغان ماتېرىياللارنى ئىجادىي پايدىلانغان ھالدا، ئۇلارغا ئوبيېكتىپ ئىلمىي – تەنقىدىي نەزەردىن ياندىشىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمىي ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەرگە، شۇنداقلا زامانىۋىي تارىخىغا، مەدەنىيىتىگە ئائىت كۆپلىگەن ھوججەتلەرنى تىلغا كىرگۈزدى. نەتىجىدە ئۇ ئۇيغۇرلار تارىخىدا بۇ كەمگىچە قولغا ئېلىنمىغان مۇئەممالاردىن بىرى – ئۇيغۇر مەتبۇئاتى ۋە مەتبەئەچىلىگىنىڭ شەكىللىنىپ، تەرەققىي قىلىش تارىخىنى ئىلمىي ئاساستا تەكشۈرۈشكە جىددىي بەل باغلىدى.

مانا، ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، مۇنىر قاتاردىكى لابورانت، ئاندىن كىچىك ئىلمىي خادىم لاۋازىمىدا نامزاتلىق دىسسېرتاتسىيەسىنى مۇۋاپپەقىيەتلىك ھىمايە قىلدى.

ئەندى نۆۋەت ئىستېداتلىق ئالىم «ئۇيغۇر كېڭەش مەتبۇئاتىنىڭ تارىخى» دېگەن مونوگرافىيەسىنى ئالدى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا، كېيىن ئۇنى رۇس تىلىدا نەشىر قىلدى. ئالىم بىر توپ كەسىپداشلىرى قاتارىدا رۇس ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدا دەسلەپ نەشىر قىلىنغان «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخىنى» يېزىشقا ئىشتىراك قىلدى ۋە كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالىلارنى يورۇققا چىقاردى.

مۇنىر بىلەن يېقىندىن تونۇشۇپ، ئىشداش بولغىنىمدىن بۇيان ئۇنى شەخسەن ئۆزەم پاك ۋىژدانلىق، قەدىناس دوست، ئىلىم – پەنگە چەكسىز ساداقەتلىك ئالىم، دوست – ئىلپەتلىرى، كەسىپداشلىرى ۋە زامانداشلىرى ئارىسىدا زور ئىناۋەتكە ئىگە ئىمانلىق، ئادەمىي ئىنسان، تىنىمسىز ھالال ئەمگىكى بەدىلىگە بىر كىشىلىك بەختنى تاپقان تالانتلىق ئالىم سۈپىتىدە باھالايمەن ۋە قەدىرلەيمەن.

تۇغلۇقجان تالىپوۋ،
فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ دوكتورى.

ئابدۇللا روزىباقىيېۋ تەۋەللۇدىنىڭ 100 يىللىقى نىشانلاندى

ئۆتكەن جۈمە كۈنى ئالمۇتىدىكى «سىلە-نىي» كىنو- تېئاترىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىنقى-لاپچى، سويۇملۇك ۋەتەنپەرۋەر ئوغلى، ئاتاق-لىق جەمىيەت ۋە دۆلەت ئەربابى ئابدۇللا روزىباقىيېۋ تەۋەللۇدىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەشكە بېغىشلانغان تەنتەنىلىك يىغىن بولۇپ ئۆتتى.

يىغىنغا ئۇيغۇر ۋە قازاق خەلقىنىڭ كۆرنەك-لىك جەمىيەت ئەربابلىرى، ئالىملار، زىيالىلار ۋە پايتەخت ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ ۋەكىل-لىرى، شۇنداقلا تاشكەنت، بىشكېك شەھەرلى-رىدىن، ئۇيغۇر، پانفىلوۋ، ئەمگەكچىقازاق، جام-بۇل ناھىيەلىرىدىن كەلگەن مېھمانلار قاتناشتى.

خاتىرە يىغىنىنى قازاقستان تارىخ ۋە ئېتنو-گرافىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دىرېكتورى، ئاكادېمىك قوزىبايېۋ قىسقىچە كىرىش سۆز بىلەن ئېچىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۈيۈك پەرزەندى ئابدۇللا روزىباقىيېۋ گەرچە لېنىن ئىدىيەلىرىگە سادىق بولۇپ خىزمەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ پۈت-كۈل ھايات پائالىيىتى ئېزىلگەن خەلقىنى ئەركىنلىككە چىقىرىش، نامراتلىقتىن قۇتۇل-دۇرۇش، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، ئىلىم - پەن، مائارىپنى تەرەققىي ئەتتۈرۈشكە بېغىشلانغان-لىقىنى، شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭ ستالىن رەھ-بەرلىكىدىكى توتالىتارلىق تۈزۈمنىڭ قۇربانى بولۇپ، «خەلق دۈشمىنى» ئاتىلىپ، 1937-يىلى ۋەھشىلىك بىلەن قەتل قىلىنغانلىقى، بۈ-گۈن خەلق مەنپىيتى ئۈچۈن كۈرەشكەن ئاب-دۇللا روزىباقىيېۋتەك ئۇلۇغ نامايەندىلەرنى خاتىرىلەشنىڭ ياش ئەۋلاد تەربىيەسى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن سۆز جۇمھۇرىيەتلىك ئۇي-غۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ رەئىسى، قازاقس-تان خەلقلىرى ئاسامبلېيەسىنىڭ ئەزاسى رابىك ئىسمائىلوۋقا بېرىلدى. ئۇ ئابدۇللا روزى-باقىيېۋنىڭ جوشقۇن ئىنقىلاۋىي پائالىيەتلى-رى ۋە ئەمەلگە ئاشۇرغان ئۆچمەس ئىزگۇ ئىشلىرى توغرىلىق دوكلاد قىلدى.

خاتىرە يىغىنىدا ئۇيغۇر ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى مۇراتبەگ ناسىروۋ، قازاقستان مىللىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ پرېزىدېنتى كېڭەس ئورىيې-سېۋ، ئەمگەكچىقازاق ناھىيەسى ھاكىمىنىڭ ئورۇنباسارى سېرىك بېسپايېۋ، پانفىلوۋ ناھى-يەسىنىڭ ھاكىمى ئەبلىشايىق ئىبراي مولدا-يېۋ، تەقىپ قىلىنغانلار جەمىيىتىنىڭ رەئىسى بېكبولات مۇستافىن، ئابدۇللا روزىباقىيېۋنىڭ ئىنىسى، كۆرنەكلىك جەمىيەت ئەربابى ئابدۇ-مېجىت روزىباقىيېۋ ۋە باشقىلار سۆزگە چىقىپ، ئاتىقلار ئۆز سۆزلىرىدە بۈيۈك ۋەتەنپەرۋەر ئاب-دۇللا روزىباقىيېۋنىڭ پەقەت ئىنقىلاپچىلا بولۇپ قالماي، ئۇنىڭ خەلقلەر ئىتتىپاقى، مىللەت بىرلىكىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن پۈت-كۈل ۋۇجۇدى بىلەن تىرىشقان ھەقىقىي پە-داكار، ۋۇرنالىست، مەرىپەتچى ۋە يالقۇنلۇق دۆلەت ئەربابى ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىشتى.

كۆڭۈللۈك ناخشا - سازلار بىلەن داۋام قىل-غان خاتىرە يىغىنى ئاخىرىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىر توپ كۆرنەكلىك جەمىيەت ئەربابلىرى، قەھرىمانلىرى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ناما-يەندىلىرىگە جۇمھۇرىيەتلىك ھەم شەھەرلىك مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ خاتىرە سوغىلىرى تاپشۇرۇلدى. ئابدۇللا روزىباقىيېۋنى خاتىرى-لەش ئەتىسى ئالمۇتا پاختا رەختلىرى كومبى-ناتى پەيدا ئۇيغۇر ئۇغۇلغان ئۇيغۇر مەدەنىيەت كونلىرىدە قىزغىنى داۋام قىلدى.

مالىك سادىروۋ.



سۈرەتلەردە: ئابدۇللا روزىباقىيېۋ تەۋەللۇدى-نىڭ 100 يىللىقىغا بېغىشلانغان ئۇيغۇر مەدەنىيەت كۈنلىرىدىن كۆرۈنۈشلەر.

پەيزۇللا ئەخمەتوۋ چۈشۈرگەن سۈرەتلەر.

تەبرىكنامە



باھارغىمۇ، گۈلگىمۇ قىياس قىلسام خە-جىل قىلمايدىغان ئەزىز قىزىم مۇيلا-رەخ 30 ياشلىقىنى نىشانلاۋاتىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇنى سەممىي تەب-رىكلەپ، ئىزگۈ- نىيەتلىرىمنى تۆۋە-ندىكچە ئىزھار قىلماقچىمەن.

سەندەك بولسا ھەممىنىڭ ئوغۇل - قىزى،
تېپىلاركەن ئانىنىڭ ئىزگىنى.
ھەرەمگە بارايى دېگەن نىيەت باردى،
تورۇغلىدىڭ ئاتاڭنىڭ ئىستىگىنى.

ياخشىلار سېپىدىن كۆرەي سېنى،
ئاقلىغاي پەرزەنتلىكنىڭ ئاق سۈتىنى.
ئالالادىن سورارمەن شۇ، ئەزىز قىزىم
نوچەرمەي ۋۇرۇۋەرگەن ئۆمۈتۈمنى.

كەلسۇن، كەلسىمۇ ئامەت ساڭا،
ۋۇرگىيەڭ مەسكەنلەمەي شۈكۈر دېيەلەپ.
ئاتىلىق مېھرى بىلەن تەبرىكلەيمەن،
ئۇزاق ئۆمۈر، كۆلكە-بەخت، ئاق يول تىلەپ.

تەبرىكلىگۈچى: ئانىسى خەمدەم ھاجىم.

ئىراق ۋە يېقىن چەت ئەللەردە

باغداتتا ۋەزىيەت كەسكىنلىشىۋاتىدۇ

ئىراقنىڭ بىر قاتار شەھەرلىرىدە ئامېرىكىنىڭ سىياسىتىگە قارشى نامايىشلار كۆچىيىپ، ئۇنىڭ-غا قاتناشقۇچىلار ئا ق ش نىڭ دۆلەت بايراقلى-رىنى كۆيدۈرۈۋاتىدۇ. مەملىكەت پرېزىدېنتى سەددام ھۈسەيىن مىنىستىرلار كابىنېتىنىڭ ئە-زالىرى بىلەن «ئاق ش نىڭ ھەر قانداق شەكىل-دىكى ئېھتىمال تەجاۋۇزلىقىغا» قارشى تۇرۇش بويىچە چارىلەرنى مۇھاكىمە قىلدى.

بايقىغۇچىلار ۋەزىيەتنىڭ مۇشۇ خىلدا كەس-كىنلىشىشكە ئىككى سەۋەپ بار دېيىشىدۇ. بىرىنچىدىن، باغدات ۋاشىنگتون ب م ت بى-لەن «نېفتنى ئوزۇق - تۈلۈككە ئالماشتۇرۇش» كېلىشىمىنى ئىش يۈزىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا تو-سالغۇلۇقلارنى پەيدا قىلىۋاتقانلىقىدا ئەيىپلەۋا-تىدۇ. ئۇنىڭغا باغلىق ئىراقلىقلار ھەر يېرىم يىل-دىكى مىللىاردلارلىق نېفتنى ئېكسپورت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. بۇ ئاخچا باشقا مەخسەت-لەرگە سەرىپ قىلىنىشتىن تاشقىرى چەت ئەل-دىن ئوزۇق - تۈلۈك مەھسۇلاتلىرىنى ۋە دورا-دەرمەكلەرنى سېتىۋېلىشقا مولجاللانغان.

ئىككىنچىدىن، باغدات مەملىكەتتە ب م ت نىڭ ئاممىۋىي ئۆلۈچتۈرۈش قوراللىرىنى يوق قى-لىش بويىچە مەخسۇس كومىسسىيەسىنىڭ ئىش-لىشىگە توسالغۇلۇق قىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭغا بىنا-ئەن كومىسسىيە تەركىۋىگە كىرگەن ئامېرىكا پۇخ-رالىرىنىڭ مەملىكەتكە كېلىشى مەنئىي قىلىنغان. باغدات ھاكىمىيىتى ئۇلارنى ئۈچ كېچىدە ئېھرو-پورتتا تۇتقان. ئەندى شۇڭغىچە ئىراقتا بولۇۋات-قان ئامېرىكىلىقلارنى 5- نويابىرغىچە مەملىكەت-تىن قوغلاپ چىقماقچى.

ئەگەر سەددام ھۈسەيىن ئۆزىنىڭ دېگىنىدىن قايتمىسا، ئا ق ش كونگرېسى ئىراققا قارشى كۈچ قوللىنىشقا چاقىرغانلىقى مەلۇم بولدى. كې-يىنىرەك لوندوندىمۇ شۇ ھەقتە بىلدۈردى. بۇ مە-سىلە بويىچە روسسىيە ۋە فرانسىيە تاشقى ئىش-لار مىنىستىرلىكى بىرلەشكەن بىلدۈرۈشىدە ئۆز مەۋقەلىرىنى ئىزھار قىلدى. يې. پرىماكوۋ ۋە يۇ. ۋېدرىن باغداتنى ب م ت نىڭ مەخسۇس كومىسسىيەسى بىلەن تولۇق ھەمكارلىشىشقا چا-قىردى، ۋە پەقەت مۇشۇ ئەھۋالدا ئىراققا نىس-بەتەن نېفت ئېمبارگوسىنى توختىتىشقا ۋە دۇنيا ئىقتىسادىغا چىقىشقا ئىمكانىيەت بېرىدۇ. شۇ-نىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا روسسىيە ۋە فرانسىيە تاش-قى ئىشلار مىنىستىرلىرىنىڭ بىلدۈرۈشىدە ئى-راققا نىسبەتەن ھەر قانداق ھەرىكەت ب م ت بىخەتەرلىك كېڭىشى دائىرىسىدە قارىلىش كې-رەكلىكى تەكىتلىنىدۇ.

* * *

ب م ت باش كاتىۋى كوفى ئاننان ئىراق ئا ق ش ئوتتۇرىسىدا كەسكىنلىشىۋاتقان توقۇ-نۇشنى يېشىش ئۈچۈن باغداتقا ئۆز مىسسىيە-سىنى ئەۋەتتى.

ئەگەر مۇشۇ كورۇلىۋاتقان چارىلەر مۇۋاپپەق-يەت قازانمىسا ۋە باغدات ب م ت نىڭ مەخ-سۇس كومىسسىيەسى تەركىۋىدىكى ئامېرىكى-لىق خادىملارنىڭ مەملىكەتتە ئىشلىشىگە تو-سالغۇلۇق قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدىغان بولسا، «ئۇ چاغدا بىخەتەرلىك كېڭىشى ئىراققا نىسبە-تەن قەتئىي ھەرىكەتلەرگە تەييار بولۇشى لا-زىم» - دېدى ئا ق ش دۆلەت دېپارتامېنتىنىڭ ۋەكىلى دژ. رۇبىن. ئۇنىڭ پىكرىچە، بۇ ئەھۋال-دا ب م ت بىخەتەرلىك كېڭىشىدە قوشۇمچە ئاۋازغا سېلىشنىڭ ھاجىتىمۇ يوق.

شۇنىڭغا قارىماي ئىراق ب م ت مەخسۇس كومىسسىيەسىگە تەئەللۇق «ئۇ- 2» ساموليوتى-نى چۈشىرىدىغانلىقى بىلەن قورقۇتتى. ئامېرى-كىلىقلار بۇنى ئادەتتىكى پوپۇزا دەپ چۈشەن-دى ۋە مەزكۇر ساموليوتنىڭ ئىراق ئۈستىدى-كى نۆۋەتتىكى ئۇچۇشى پەيشەنبە كۈنى ئەمەل-گە ئاشۇرۇلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ئا ق ش نىڭ پارس قولتۇغىدا 20 مىڭغا يېقىن سولدا-تى، 200 گە يېقىن ساموليوتى ۋە 17 ھەربىي كورابلى، شۇ جۈملىدىن «ئېنېتىس» ئاۋىيا نوس-تىسى بار.

مەملىكەت پرېزىدېنتى سەددام ھۈسەيىن ب م ت باش كاتىۋى مىسسىيەسىنىڭ ئىراققا كېلىشى ھارىپسىدا ئالىي ھەربىي قوماندانلىق-نىڭ كېڭەشمىسىنى ئۆتكەزدى. «ئالالاغا ھاجەت بولسا ھەم خەلق، ھەم مەملىكەت رەھبەرلىكى كۈرەشكە تەييار» - دەپ بىلدۈردى ھۈسەيىن. ئىراق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى م.س. ئاس - ساخخاف ب م ت مەخسۇس كومىسسىيەسى تەركىۋىدىكى ئامېرىكا خادىملىرىنى مەملىكەت-تىن چىقىرىش توغرىلىق قارارنىڭ ئۆزگەرمەي كې-سەل ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بى-لەن بىر ۋاقىتتا خەلق ئارا تەشكىلاتلارغا قار-شى بولۇشنى خالىمايدىغانلىقى ۋە ب م ت بى-خەتەرلىك كېڭىشىنىڭ ئۈچ تۇراقلىق ئەزاسى - راسسىيە، فرانسىيە ۋە خىتاي بىلەن دىالوگقا تەييار ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇلارنىڭ باغداتتى-كى ۋەزىيەتنى تەرتىپكە سېلىش بويىچە كۈچ چىقىرىشى مەملىكەتتە زور قىزغىنلىق قوزغىدى.

سەپەرخىلە نەتىجىلىك ئاياقلاشتى

بېيجىن ئىران بىلەن ئاتوم ئېنېرگىيەسى سا-ھاسىدىكى ھەمكارلىقنى توختىتىدۇ، دەپ خەۋەر قىلدى ئا ق ش پرېزىدېنتى ب. كلىنتون.

ئۇ خ خ ج رەئىسى جياڭ زېمىن بىلەن بول-غان ئۇچرىشىشتىن ھەقتە كېلىشتى. بىلل كلىن-تون ئامېرىكا- خىتاي ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئوت-كەن رەسمىي مۇزاكىرەلەردىن كېيىن ئۇيۇشتۇ-رۇلغان بىرلەشكەن مەتبۇئات كونفېرېنسىيەسى-دە سۆزگە چىقىپ، ئا ق ش خىتايغا يادرو تېخ-نولوگىيەسىنى سېتىشنى قايتىدىن باشلايدۇ، دەپ بىلدۈردى. بۇ ئىلگىرى بولسا مەنئىي قى-لىنغان ئىدى. پرېزىدېنتنىڭ سۆزىگە قارىغان-دا، تەرەپلەر شىمالىي كورېيەنىڭ بىر تەرەپلى-مىلىك تېچلىق مۇزاكىرىلىرىگە قاتنىشىشى ئۈ-چۈن مۇمكىن بولغان بارلىق ئىشنى قىلىدۇ. كلىنتون شۇنداقلا خىتاي رەھبىرى بىلەن خى-تايدىكى ئىنسان ھوقۇقى پروبلېمىسىنى ۋە خ خ ج ھەم تەيۋەن ئوتتۇرىسىدا تېچلىق مۇزا-كىرە ئۆتكۈزۈش ئىمكانىيىتىنى مۇھاكىمە قىل-غانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

ئۆز نۆۋىتىدە خىتاي رەئىسى ئا ق ش ۋە خى-تاي ئوتتۇرىسىدا ئالاقىلارنىڭ كېڭىيىشى توغ-رىلىق كېلىشىمنى، شۇ جۈملىدىن ئالىي دەر-جىدىكى تۇراقلىق ئۇچرىشىشلارنى ئۆتكۈزۈش، ئوتتۇر تېلېفون ئالاقىسىنى ئورنىتىش، ھوكۇ-مەت ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا كونسۇلتاتسىيەلەر-نى ئۆتكۈزۈش، ۋە ھەربىي ساھادا ھەمكارلى-شىش توغرىسىدىكى كېلىشىملەرنى ئالاھىدە تەكىت-لەپ ئۆتتى.

خىتاي رەھبىرىنىڭ سۆزىچە، ئۇچرىشىش ۋاقتىدىكى دۆلەت ئۆز ئارا بىر- بىرىنى ھۆر-مەت قىلىش ۋە بىر- بىرىنىڭ ئىچكى ئىشلى-رىغا ئارىلاشماسلىق پرىنسىپلىرى خىتاي ۋە ئاق ش ئوتتۇرىسىدىكى چۈشەنمەسلىكنى تەر-تىپكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئاساس بولىدۇ، دې-گەن قارارغا كەلگەن.

«ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچىسى «يې-ڭى ھايات» گېزىتلىرى رېداكسىيەسىنىڭ كول-لېكتىۋى گېزىتلىرىمىزنىڭ جانكۆيەرلىرى پان-فىلوۋ ناھىيەلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى ئاقساقاللار كېڭىشىنىڭ رەئىسى سەبىت ئەخ-مەتوۋ بىلەن ئالمۇتا شەھىرى 109 - ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئۇيغۇر سىنىپلىرىنىڭ مۇدىرى ئەخترەم ئەخمەتوۋاغا قېرىندىشى

ئابلىكىمنىڭ

مەزگىلسىز ۋاپات بولۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن چوڭقۇر قايغۇرۇپ تەزىيە بىلدۈرىدۇ.

«ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچىسى «يې-ڭى ھايات» گېزىتلىرى رېداكسىيەسىنىڭ كول-لېكتىۋى گېزىتلىرىمىزنىڭ جانكۆيەرى

ئومەرجان ئەمەتباقىيېۋنىڭ

مەزگىلسىز ۋاپات بولۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن مەرھۇمنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىغا ۋە ئۇرۇق - تۇق-قانلىرىغا چوڭقۇر قايغۇرۇپ تەزىيە بىلدۈرىدۇ.

«ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچىسى «يې-ڭى ھايات» گېزىتلىرى رېداكسىيەسىنىڭ كول-لېكتىۋى ئىلى ناھىيەسى قارسۇ مەھەللىسى-نىڭ تۇرغۇنى، گېزىتلىرىمىزنىڭ جانكۆيەرى

شېرىپجان غاپىروۋنىڭ

ۋاپات بولۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن مەرھۇمنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتىغا، ئۇرۇق - تۇققانلىرىغا چوڭ-قۇر قايغۇرۇپ تەزىيە بىلدۈرىدۇ.

باش مۇھەررىر ي. ئازاماتوۋ.

يېڭى ھايات

ئالمۇتا، 480044
ئېبەك يولى كوچىسى
50 بىنا، 8 - قەۋەت

گېزىتنى تەسىس قىلغۇچى - قا-زاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەتبۇ-ئات ۋە ئاممىۋىي ئەخبارات ئىش-لىرى بويىچە مىللىي ئاگېنتلىقى.

تىراژى 3216
زاكاز 9752

تېلېفونلار: قوبۇلخانا - 59 - 84 - 33،
مەسئۇل كاتىپ - 01 - 92 - 33؛
كاتىبات بۆلۈمى - 27 - 86 - 33، ئىجتىما-ئىي - سىياسىي بۆلۈمى 06 - 86 - 33
ئەدەبىيات ۋە سەنئەت بۆلۈمى - 81 - 86 - 33،
ئىختىسات بۆلۈمى 17 - 86 - 33.

«Йеңи хаят» (Новая жизнь) индекс 65359, приложение республиканской общественно-политической газеты «Уйгур авази», регистрационное свидетельство №480, выдано Министерством печати и массовой информации Республики Казахстан.

Газета отпечатано в республиканском газетно-журнальном Издательстве «Дәуір», Алматы, 480044, пр. Достык,7/4

گېزىتىمىز سەھىپىلىرىدە بېسىلغان ماقالىلار مۇئەللىپلىرىنىڭ مەۋقەسى تەھرىراتىمىزنىڭ مەۋقەسى بولۇپ ھېساپلانمايدۇ. تەھرىراتتىن ماتېرىياللار قايتۇرۇلمايدۇ ۋە جاۋاپ بېرىلمەيدۇ.

ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى ـ رويۇڭ سامان بولماس

يېڭى ھايات

Йеңи hаят

1997 ژىل
22 ـ نويابىر
شەنبە
№24
(4085)

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي ـ سىياسىي «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ ھەپتىلىك قوشۇمچىسى 1970 ـ ژىلى 1 ـ يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر گېزىتلىرى ـ ھەر بىر ئۇيغۇر ئائىلىسىگە

گېزىتلىرىمىزنىڭ جان كويەرلىرى

قەرەللىك مەتبۇئاتقا مۇشتىرى توپلاش ئاياقلىشىپ كېلىۋاتىدۇ. جۇملىدىن جۇمھۇرىيەتلىك «ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچىسى «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىگە 1998 ـ ژىل ئۈچۈن يېزىلىش جاي-جايلاردا داۋام قىلىۋاتىدۇ. پانفىلوۋ ناھىيەسىمۇ بۇنىڭدىن ئىستىسنا ئەمەس.

بۇ سىياسىي كامپانىيە ناھىيەنىڭ ئىشلەپ چىقىرىش كوئوپېراتىپلىرىدا موشۇ كەمگىچە جىددىي قولغا ئېلىنمىدى. ئاساسىي تۇسالغۇلۇق، ئىگىلىكلەردە مەبلەغ يوق، ۋاقىت ئۆتۈۋاتىدۇ. ئادەملەر گېزىت، ژۇرناللارسىز قىلىشى ئېھتىمال. شۇڭلاشقا ئۇچۇن كوئوپېراتىپ رەھبەرلىرى قانداق قىلىپ بولمىسۇن، بۇنىڭ بىر تەدبىرىنى چارىسىنى كۆرۈشنىڭ مۇمكىنچىلىكلىرىنى ئىزدەشتۈرۈشكە تىرىشىۋاتىدۇ.

ئەندى سىللىي گېزىتلىرىمىزگە مۇشتەرى توپلاش يارىكەنت شەھىرىدە تۈز دەرىجىسىدە ئۇيۇشتۇرۇلغان. موھىم كامپانىيە دەسلەپكى كۈنلەردىلا شەھەر مەمۇرىيىتى رەھبەرلىكىنىڭ دىققەت مەركىزىدە بولۇۋاتىدۇ. ئۇلار مۇھىم ئىشقا مەھەللە باشلىقلىرىنى (ژىگىت باشلىرى)، جامائەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ ئاكتىۋىستلىرى بىلەن گېزىتلىرىمىزنىڭ جان كويەرلىرىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قىزغىن ئىش ئېلىپ بېرىلىشىغا ياردەملىشىۋاتىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار مۇشتەرى توپلاش بويىچە ئۆزلىرىگە بېرىلگەن تاپشۇرۇقلىرىنى مۇددىتىدىن بۇرۇن ئورۇنلاپ چىقتى. بولۇپمۇ كۆپلەر كەرەموۋ، ئەخمەتجان توختاخۇنوۋ، نۇئىلايەمە يارۇۋ، جابىيار تۇردىيېۋ، ئابدۇرىشىت ئېلىيېۋ ۋە باشقا ژىگىت باشلىرىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. نەتىجىدە ھازىر شەھەردىكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ئارىسىدا «ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىنى كېلەر ژىلى ئېلىپ ئوقۇيدىغانلار سانى مىڭ ئائىلىگە يەتتى.

قىلىنغان ژىگىت باشلىرىمىز بۇ ئىشنى جىددىلەتمەكتە.

ئابدۇكېرىم تۇدىيېروۋ.
پانفىلوۋ ناھىيەسى.

سۈرەتتە: گېزىتلىرىمىز جان كويەرلىرىنىڭ بىر توپى.
ت. مەشۇروۋ چۈشەرگەن سۈرەت.

قىينچىلىقلارغا قارىماي

شۇ كۈنلەردە «ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىگە مۇشتىرى توپلاش قىزغىن ژۈرگۈزۈلمەكتە. چۈنكى ھەر ئىككى گېزىتىمىز بىزنىڭ تىلىمىز، تارىخىمىز، مەدەنىيىتىمىزنىڭ مەنبەسىدۇر.

جاي ـ جايلارغا ئوخشاش قورام يېزىسىنىڭ جامائەتچىلىكى ئارىسىدىمۇ مۇشتىرى توپلاش جىددىي ژۈرگۈزۈلمەكتە. شۇنىسى ھەقىقەتكى، بىيىل گېزىتلەرنىڭ باھالىرى ئۆستى. دېخانلارنىڭ ياز بويى قىلغان ئەجرى ـ يېتىشتۈرگەن كوكتات باھالىرى تۆۋەن، ئەندى زىيالىلار بىلەن پېنسىونېرلار بولسا ئايلىق ۋە پېنسىيە پۇللىرىنى ۋاقتىدا ئالالمايدۇ. ئۇنداق بولسا گېزىتلىرىمىزگە يېزىلالمايمىزمۇ؟ بۇ سوئالغا جاۋاپ بېرىش ئۈچۈن مونۇ فاكتلارغا مۇراجەت قىلايلى.

ـ ئۇكا، مېنىڭ 400 تەڭگە ئاخچام قالغان ئېكەن، «يېڭى ھاياتقا» ئالتە ئايغا يېزىپ قويساڭ. «يېڭى ھاياتنى» ئوقۇمىسام ئۇخلالمايمەن. ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئۆگىنىپ كېتىپتىمەنكى، ئەگەر گېزىت كېچىكىپ كەلسە، بىر يېرىم كامدەك، ئۆزەمنى بىر قىسما ھىس قىلىمەن، ـ دەپ ئاخىرقى پۇلىنى ماڭا ئۆزاتتى ھەبىب ئەيسايېۋ.

ئەگەر گېزىت قىزىقارلىق چىقمىغان بولسا ھەبىب ئاكا بۇ سوزنى دېمىگەن بولار ئىدى. شۇنداقلا شۇ كۈنى دوستان كولبايېۋ، توختاخۇن ھوسمانوۋ، تەلەت ياقۇپوۋ، ساۋۇت ئەبەيدۇللايېۋ، ھاكىم ساۋۇتوۋ قاتارلىق باشقىلار «ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە «يېڭى ھاياتقا» مۇشتىرى بولمىغان بولار ئىدى.

ئىختىسادىي قىينچىلىقلارغا قارىماي جامائەت ئۆزىنىڭ سويۇملۇك گېزىتلىرىگە يېزىلدى. ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا قورامىلىقلار 100 نۇسخا «ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە 30 نۇسخا «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىگە مۇشتىرى بولدى. گېزىتلىرىمىزگە مۇشتىرى توپلاش يەنىمۇ داۋاملاشتۇرىلىدۇ. بۇ مەخسەتتە يۇرتىمىزنىڭ ژىگىت بېشى كامىل كەرىموۋ جامائەتچىلىك ئارىسىدا تەشۋىقات ئىشلىرىنى ژۈرگۈزۈپ، ھەر بىر ئۇيغۇر ئائىلىسىنىڭ ئۆز گېزىتلىرىگە مۇشتىرى بولۇشىنى ئالاھىدە تەكىتلىمەكتە.

ئەكرەم سادىرىي.
قورام يېزىسى،
ئالمۇتا ۋىلايىتى.

تەشەككۈرنامە

«ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچىسى «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىغا 1998 ـ ژىلغا مۇشتىرى توپلاش ئىشىنىڭ ئاياقلىشىشىغا ساناقلىق كۈنلەر قالدى. جاي ـ جايلاردىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ، ژىگىت باشلىرىنىڭ، گېزىتلىرىمىز ئاكتىۋىستلىرىنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن بەزى ناھىيە، يېزا، مەھەللەردە مۇشتىرى توپلاش ئىشى ياخشى ژۈرگۈزۈلگەن بولسا، ئايرىم جايلاردا كوڭۈلدىكىدەك بولمايۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئۆزى، ھەممىگە مەلۇمكى، ھازىرقى ئىختىسادىي قىينچىلىقلار تۈپەيلى يۈز بېرىۋاتىدۇ.

ئايرىم تەشكىلاتلار بىلەن سېخى ـ ساخاۋەتلىك كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئىختىسادىي تۆۋەن ئائىلىلەر ئۈچۈن «ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىغا 1998 ـ ژىلغا مۇشتىرى بولۇشى ئۈچۈن ياردەم قولىنى سۇنۇۋاتقانلىقىغا رەخمەت ئېيتىشقا ئەرزىيدۇ. ئالمۇتا شەھىرىدىكى تۇرسۇنجان ئانايەتوۋ رەھبەرلىك قىلىۋاتقان «تۈركستان» تۇرىستلىق فىرمىسىنىڭ كوللېكتىۋى 40 مىڭ تەڭگە ئىئانە قىلدى. ئۇلار ب. ئابدىرىموۋا، ر. ئەرشىدىنوۋا، ئى. ئەيساخۇنوۋ، ن. جەلىلوۋا، ب. قادىروۋا، ق. مەمەتوختايېۋا، پ. مەشۇروۋا، م. مەخسۇتوۋا، ر. مامېدوۋ، ت. ئوماروۋا، ئا. رازىيېۋا، ت. سالىيېۋا، پ. سالايدىنوۋا، م. باراتوۋا، گ. يولداشېۋالار.

ئالمۇتا شەھىرىدىكى «لەززەت» فىرمىسىنىڭ باش بۇخگالتېرى زۇلفىيە ئىمام قىزى 16 مىڭ تەڭگە ۋە تالغىر شەھىرىدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ۋەتەنپەرۋەر ئىنسان مەتتۇردى ھاجىم 10 مىڭ تەڭگە ئىئانە قىلدى. «ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچىسى «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىنىڭ رېداكسىيەسى ژۇقۇرىدا نامى ئاتالغان گېزىتلىرىمىز جانكويەرلىرىگە تەشەككۈر ئىزھار قىلىدۇ.

قازاقستان ۋە ئا ق ش: ستراتېگىيەلىك شېرىكلەر

17 ـ نويابىر كۈنى ئامېرىكا قوشماشتاتىغا رەسمىي سەپەر بىلەن كەلگەن قازاقستان پرېزىدېنتى نۇرسۇلتان نازاربايېۋ موشۇ مەملىكەت ۋىتسى ـ پرېزىدېنتى ئا. گور بىلەن ئۇچراشتى. ئاندىن قازاقستان ـ ئامېرىكا بىرلەشكەن كومىسسىيەسىنىڭ ھەر ژىلى ئۆتىدىغان تۆرتىنچى مەجلىسى بولۇپ ئۆتتى. كومىسسىيەنىڭ قوش رەئىسلىرى ن. نازاربايېۋ ۋە ئا. گورنىڭ پىكرىچە، بۇ مەجلىس جوشقۇنلۇق تەرەققىي ئېتىدىغان ئىككى تەرەپلىمە مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئاساسىي مېخانىزمى بولماقتا.

پرېزىدېنتىمىزنىڭ سەپىرى ھەر خىل ئۇچرىشىشلارغا ۋە ۋاقىئەلەرگە تولۇپ تاشتى. دولەت كاتىۋى ۋە زىپسىنى ئاتقۇرغۇچى س. تېلبوتت بىلەن بولغان ئۇچرىشىش ۋاقتىدا قازاقستان ۋە ئا ق ش ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىقنىڭ ئېنىق مەسىلىلىرى مۇھاكىمە قىلىندى.

پېنتاگوندا بىزنىڭ پرېزىدېنتىمىزنى ئا ق ش مۇداپىە مىنىستىرى ئۇ. كوئېن قارشى ئالدى. ئۇچرىشىش داۋامىدا قازاقستان ۋە ئا ق ش مۇداپىە مىنىسترلىكلىرىنىڭ ھەمكارلىشىشنى تەرەققىي ئەتكۈزىدىغان ھوججەتلەر ئىمزالاندى.

قازاقستان رەھبىرى ئا ق ش ئېنېرگېتىكا مىنىستىرى فېدېرىكو پېنىيە بىلەن ئۇچراشتى. پرېزىدېنت شۇنداقلا ئا ق ش سودا ۋەكىلى ش. بارشېۋسكىي، خەلقئارا ۋالىيۇتا فوندىنىڭ ئىجرائىي دىرېكتورى م. كامدېسيۇ، خەلقئارا رېكونستروكسىيە ۋە تەرەققىيات بانكىسىنىڭ باشقۇرغۇچى دىرېكتورى ك. كوخ ـ ۋايزېر بىلەن ئۇچراشتى.

دولىتىمىزنىڭ رەھبىرى ب. كلىنتون بىلەن بولغان سوھبەت ۋاقتىدا قازاقستان ۋە قوشما شتاتلار ئوتتۇرىسىدىكى ستراتېگىيەلىك شېرىكلىكنىڭ ئاساسىي مەسىلىلىرىگە دىققەت ئاغدۇردى.

ن. نازاربايېۋ ۋە ب. كلىنتون ياۋروپا قىتئەسىدە ۋەزىيەتنى تەرەققىي ئەتكۈزۈش تىندېنسىيەلىرىگە ۋە ئۇراقلىقنى ھەم بىخەتەرلىكنى مۇستەھكەملەش مەسىلىلىرىگە ئالاھىدە دىققەت ئاغدۇرۇپ، خەلقئارا سىياسەتنىڭ ھەر خىل مەسىلىلىرى بويىچە پىكىر ئېلىشتى. تەرەپلەر كاسپىينىڭ ھوقۇق ستاتۇسى مەسىلىسىنىمۇ مۇھاكىمە قىلدى.

ئامېرىكا رەھبىرى ن. نازاربايېۋنىڭ قازاقستان ئۇراتىنى ئا ق ش غا يەتكۈزۈشنى چەكلەشنى توختىتىش توغرىلىق تەكلىۋىگە ئىجابىي باھا بەردى.

ئۇچرىشىش داۋامىدا باشقىمۇ ئىككى تەرەپلىملىك كېلىشىملەر ئىمزالاندى. ئۇلارنىڭ بەزى بىرلىرى پەن ۋە تېخنىكا ساھاسىدا ھەمكارلىششقا باغلىق.

پرېزىدېنت نۇرسۇلتان نازاربايېۋ ئامېرىكا ۋە قازاقستان ژۇرنالىستلىرى ئالدىدا سوزگە چىقىپ، ئامېرىكا رەھبەرلىكى بىلەن بولۇپ ئۆتكەن مۇزاكىرىلەرنى ئوچۇق، كونستروكتىۋ ۋە ناھايىتى مۇۋاپىقىيەتلىك دەپ باھالىدى. قازاقستان مەركىزىي ئاسىيا دولەتلىرى ئىچىدە دەسلەپكىلەردىن بولۇپ ئامېرىكا قوشما شتاتى بىلەن مۇناسىۋەتلەرنى ستراتېگىيەلىك شېرىكلىك دەرىجىسىگە ئېلىپ چىقىشى ـ سەپەرنىڭ ئاساسىي يەكۈنى بولدى.

شەنبىدىن ـ شەنبىگىچە

پرېزىدېنت نۇرسۇلتان نازاربايېۋنىڭ نامىغا كېلىپ چۈشۈۋاتقان كوپلىگەن خەتلەر بىلەن تېلېگراممىلاردا دولەت باشلىغىنىڭ قازاقستان خەلقىگە قىلىنغان مەكتۇبىدا ئېيتىلغان مەملىكەتنىڭ 2030 ـ ژىلغىچە بولغان تەرەققىيات ستراتېگىيەسىنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەش بىلدۈرۈلگەن. كوپلىگەن خەتلەر بىلەن تېلېگراممىلاردا ئېيتىلغان تەكلىپلەر ۋە كامچىلىقلار، دەپ تەكىتلىدى ن. نازاربايېۋ، سوزسىز ئۇردە ئەسكە ئېلىنىدىغان ۋە كوزدە تۇتۇلىدىغان بولىدۇ.

* * *

15 ـ نويابىر كۈنى تۆۋەنكى پالاتا رەئىسى م. ئوسپانوۋ رەھبەرلىكىدىكى قازاقستان پارلامېنت دېلېگاتسىيەسىنىڭ مەركىزىي ۋە شەرقىي ياۋروپا ئەللىرىگە قىلغان رەسمىي سەپىرى ئاياقلاشتى. بۇ سەپەر دائىرىسىدە ۋېنگرىيە جۇمھۇرىيىتى دولەت ۋېغىنىنىڭ رەئىسى ز. گال، چېخىيە جۇمھۇرىيىتى پارلامېنتى سېناتىنىڭ رەئىسى پ. پىدكارد، رۇمىنىيە سېناتىنىڭ ۋىتسى ـ پرېزىدېنتى م. ئونېسكۇ كېنتۇس بىلەن مۇزاكىرىلەر ئۆتكۈزۈلدى.

* * *

جۇمھۇرىيىتىمىز پرېزىدېنتى نۇرسۇلتان نازاربايېۋ لاتۋىيە پرېزىدېنتى گۇنتىس ئۇلمانىسقا مىللىي بايرام ـ لاتۋىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئېلان قىلىنغان كۈنىگە باغلىق سەممىي تەبرىك ئەۋەتتى.

* * *

قازاقستان ۋە بولغارىيە دوستلۇق ئالاقىلىرىنى قايتا تىكلەش نىيىتىدە بولۇۋاتىدۇ. بولغارىيە پرېزىدېنتى پيوتر ستويانوۋ جۇمھۇرىيىتىمىز پرېمېر ـ مىنىستىرى ئۇرلان بالغىمبايېۋ بىلەن بولغان ئۇچرىشىشتىن كېيىن ژۇرنالىستلارغا شۇ ھەقتە بىلدۈردى. ئۇچرىشىش شەنبە كۈنى ياپونىيەگە رەسمىي سەپەر بىلەن كېتىپ بارغان بولغارىيە دېلېگاتسىيەسىنىڭ ساموليوتى تېخنىكىلىق سەۋەپلەرگە بولا ئالمۇتا ئايروپورتىغا قونغاندا بولۇپ ئۆتتى.

* * *

يېقىندا پرېزىدېنت نۇرسۇلتان نازاربايېۋ قازاقستان ھوكۈمىتى ۋە خەلقئارا «سوس ـ كىندېردورف ئىنتېرناتسونال» فوندى ئوتتۇرىسىدا 1994 ـ ژىلى ئىمزالانغان بىرلەشكەن خەيرىخاھلىق ئىشى توغرىلىق كېلىشىم دائىرىسىدە ئالمۇتىدا سېلىنغان دەسلەپكى باللار شەھەرچىسىدە بولدى.

* * *

14 ـ نويابىر كۈنى پارلامېنت سېناتىنىڭ رەئىسى ئومىربېك بايگىلدى كرېتسىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ قازاقستاندىكى پەۋقۇلاددە ۋە تولۇق ھوقۇقلۇق ئەلچىسى كونستانتىن ترىتارىستىنى قوبۇل قىلدى. سوھبەت ۋاقتىدا ئىككى مەملىكەتنىڭ ھەر تۈرلۈك ساھالاردا ھەمكارلىششىنىڭ ئىستىقبالى مۇھاكىمە قىلىندى.

كېلەچەككە بولغان ئۈمۈت رەمزى

قازاقىستان ئۆزىنىڭ مۇستەقىل تەرەققىيات يىللىرى ئىچىدە مەلۇم ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى ھېچ كىمگە سىر ئەمەس. نەق ئەندى ھازىرقى ۋاقىتتا، كۆپلىگەن بەزى مەسىلىلەر ھەل قىلىنىپ، كېلەچەككە نەزەر تاشلاۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە: ئەندى قانداق بولىدۇ، نېمە قىلىش كېرەك؟ ـ دېگەن سوئاللارنىڭ پەيدا بولۇشى تەبىئىيدۇر. دۆلەت رەھبىرى نۇرسۇلتان نازاربايېۋنىڭ قازاقىستان خەلقىگە قىلغان مۇراجىتى ئەينە شۇنداق سوئاللارغا جاۋاپ بېرىدۇ، ئۇنىڭدا مەملىكەتنىڭ 2030 ـ يىلغىچە بولغان تەرەققىيات ستراتېگىيەسى بايان قىلىنغان. بۇ ئادەملەرنى زېرىكتۈرگەن سوتسىيالىستىك رېئالىزم روھىدىكى خام خىيال بولماي، بەلكى دۇنيادىكى كۆپلىگەن ئەللەرنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسلانغان ئېنىق ئىختىسادىي ھېساپتۇر. قازاقىستان ئۆز تەرەققىياتىدا بۇ ئەللەرنىڭ تەجرىبە ـ يوللىرىدىن پايدىلىنىپ كۆپلىگەن خاتالىقلارنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ۋە ئۇ چوقۇم كۆزلىگەن مەخسەتكە ـ دۆلەتنىڭ گۈللىنىشىگە ۋە ئۇنىڭ پۇخرالىرىنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە ۋە پاراۋەنلىكىنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

بىز پرېزىدېنتنىڭ مەزكۇر مۇراجىتىدە جاراڭلىق ۋەدىلەرنى ئاڭلىمىدۇق. پرېزىدېنت بىزنىڭ ھەممىمىزگە ياخشى مەلۇم مۇئەممالارنى بايان قىلىپ، ئۇلارنى قانداق ھەل قىلىش يوللىرىنى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يېقىنقى ئونلىغان يىللارغا بەلگۈلەنگەن پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

پرېزىدېنتنىڭ مەكتۇبىدە قازاقىستاننىڭ ئىمكانىيەتلىرى، ئۈستۈنلۈككە ئېگە تەرەپلىرى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىدا مەملىكەتنىڭ ستراتېگىيەلىك مەخسەتلىرى بەلگۈلەنگەن.

مەن ھوقۇق قوغداش ئورگانلىرىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە دۆلەت ئىنتىزامىنى مۇستەھكەملىمەي تۇرۇپ، پارىخورلۇق ۋە كوررۇپسىيەگە قەتئىي قارشى تۇرماي تۇرۇپ، ناركومانىيە، ئۇيۇشقان جىنايەتچىلىك ۋە رېكىت ئوخشاش ئېغىر جىنائىي ھەرىكەتلەرگە قارشى جىددىي كۈرەش ئېلىپ بارماي تۇرۇپ، ستراتېگىيەلىك پلانلارنى ئورۇنلىمىغانلىقى ئۈچۈن قەتئىي تەلەپ قىلماي تۇرۇپ دۆلەت رەھبىرىنىڭ مەكتۇبىدە بايان قىلىنغان پروگراممىلىق ۋەزىپىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمىز، ـ دەپ تەكىتلىمەكچىمەن. پرېزىدېنت خەلققە قىلغان ئۆز مۇراجىتىدە بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆز پائالىيىتىدە مۇنداق سەلبىي ھادىسىلەرگە قارشى كۈرىشىدىغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. بۇنى بىز پەقەتلا قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيمىز ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بارلىق كۈچ ـ غەيرىتىمىزنى سەرىپ قىلىمىز.

مەزكۇر ھۆججەتتە پرېزىدېنت مەملىكەت سىياسىتىنى بەلگۈلەيدىغان، ستراتېگىيەلىك مەخسەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىق تاكتىكا تاللايدىغان كادىرلارنىڭ كەسپىي ماھارىتى ۋە سالاھىيىتىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ناھايىتى توغرىدۇر. چۈنكى ھەر قانداق چوڭ ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن پەقەت ژۇقۇرى مەلىكىلىك، ئۆز ساھاسىنى ياخشى بىلىدىغان سالاھىيەتلىك مۇتەخەسسىسلەر چىقالايدۇ. بىز دۆلەت رەھبىرىنىڭ قازاقىستان خەلقىگە قىلغان مۇراجىتىنى تولۇق قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىگەن ھالدا، ئۇنىڭغا ئەمەلىي ئىش بىلەن جاۋاپ بېرىمىز.

ئابدۇكېرىم مىرزابايېۋ،
ئالمۇتا ۋىلايەتلىك ئىچكى ئىشلار باشقارمىسىنىڭ ناركومانىيەگە قارشى كۈرىشىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، مىلىتسىيە پودپولكوۋنىگى.

ئەتىكى كۈنىمىزنىڭ ھۇلى

ھاكىم مۇتلەق كوممۇنىستىك پارتىيە ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋىردە ئۇنىڭ ھەر بىر قۇرۇلتىيى ئالدىكى بەش يىللىق ۋە شۇنداقلا يىراق كېلەچەكنى كۆزدە تۇتقان ئىستىقباللىق پىلانلارنى، «كوممۇنىزم قۇرۇش» پروگراممىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئادەملەرنى شېرىن، خىيالىي «كوممۇنىزم جەننىتى» بىلەن ئالداپ كەلگەن ئېدى. «خەلق پاراۋەنلىكى ھەسسىلەپ ئاشۇرىلىدۇ، ياكى 2000 ـ يىلغىچە ھەر بىر سوۋېت ئادىمى ئايرىم كۋارتىرا بىلەن تەمىنلىنىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش سەپساتىلار كىشىلەرنى زېرىكتۈرۈپ، يالغۇز ھۆكۈمران پارتىيەنىڭ مۇنداق ھۆججەتلىرى كۆپچىلىكتە ئىشەنمەسلىك، گۇمان بىلەن قاراشقا ئوخشاش ھادىسىلەر پەيدا بولۇشقا باشلىغانلىقىنى چوڭ ياشتىكىلەر ياخشى بىلسە كېرەك.

يېقىندا دۆلەت رەھبىرىنىڭ قازاقىستان خەلقىگە قىلغان مۇراجىتى جامائەتچىلىكنى ئېغىمۇ جېپسىلاشتۇرۇشقا قارىتىلغان مۇھىم بىر ھۆججەت دەپ تەكىتلىسەك مۇبالىغە بولماس. بۇ ھەممىگە «بەخت» ئاتا قىلىدىغان ۋاڭ ـ چوڭلۇق سەپساتا بولماي بەلكى: ئەگەر ھەممىمىز بىرلىكتە ئۇيۇشمىلۇق ئەمگەك قىلمىساق، ئىزدەنمىسەك ئۇ چاغدا ھالىمىز خاراپ بولىدۇ دېگەننى ئېنىق ئاساسلاندۇرۇپ بېرىدىغان ھەرىكەت پروگراممىسىدۇر. پرېزىدېنتنىڭ قازاقىستان خەلقىگە قىلغان مۇراجىتىدە ئالاھىدە تەكىتلەنگىنىدەك، ھازىرقى گۈللەنگەن دۆلەتلەرنىڭ مۇۋاپپەقىيەتلىرىنى ئەڭ ئاساسى يەتتە ئامىل: مىللىي بىخەتەرلىك، ئىچكى ـ سىياسىي تۇراقلىق، چەت ئەل مەبلىغىنى كەڭ دائىرىدە جەلىپ قىلىشقا ئاساسلانغان ھالدا ئىختىساتنى ئېغىمۇ راۋاجلاندۇرۇش، خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى ساقلاش، ئېنېرگېتىكا مۇستەقىللىقى، ترانسپورت بىلەن ئالاقىنى تەرەققىي ئەتكۈزۈش ئوخشاش مۇھىم ئامىللار تەمىنلىگەنلىكى ھەممىگە ياخشى مەلۇم. ئەگەر موشۇ ئەڭ ئاساسىي ئىشلار كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان بولسا كۆپلىگەن قىيىنچىلىقلاردىن، نامراتلىقتىن قۇتۇلىمىز، باشقا تەرەققىي ئەتكەن دۆلەتلەردىكىگە ئوخشاش پاراۋان، ئەتىكى كۈنىمىز قانداق بولاركىن دېگەن غەم ـ قايغۇسىز ياشايمىز.

ھازىر قازاقىستانلىقلار ئۈچۈن ئەڭ جاۋابكەرلىك بىر پەيت، ناھايىتى ئورغۇن ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك، كۆپلىگەن مۇئەممالارنىڭ ھەل قىلىنىشى يېقىنقى يىللار ئىچىدە ئاھالى تۇرمۇش دەرىجىسىنى كۆتىرىشكە، بەزى ئېغىرچىلىقلاردىن قۇتۇلۇشقا ئېلىپ كېلىشى كېرەك. 2030 ـ يىلغىچە بولغان دەۋىرگە بېغىشلانغان قازاقىستاننىڭ ستراتېگىيەسى ھەر بىر ئادەمنىڭ شەخسىي ستراتېگىيەسىگە ئايلىنىشى كېرەك، چۈنكى ئۇنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ھەر بىر قازاقىستانلىقنىڭ ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن قانداق چىقىشىغا باغلىق. س س س ر ئىمپېرىيەسى پارچىلانغاندىن كېيىن قازاقىستان ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتقان ھاكىم مۇتلەق كوممۇنىستىك سىستېمىدىن ھازىرقى يېڭى دېموكراتىك سىستېمىغا ئۆتۈش يولىدىكى ئەڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۇتۇقلۇق ئۆتتى. مانا ئالتە يىلدىن بۇيانقى مۇستەقىل تەرەققىيات دەۋرى ئىچىدە قازاقىستان خەلق ئارا مەيداندا كەڭ دائىرىدە ئېتىراپ قىلىنىپ، مەركىزىي ئاسىيادىكى ياش مۇستەقىل دۆلەتلەر ئارىسىدا ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. ياش مۇستەقىل دۆلەتكە پرېزىدېنت مەكتۇبىدە تەكىتلەنگەن ستراتېگىيەلىك پىلانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن سىياسىي تۇراقلىق، مىللەتلەر ئارىسىدىكى رازىمەنلىك ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئابدۇللا بىلالوۋ،
ئورۇش ۋە ئەمگەك ۋېتېرانى.

پاراۋان ياشايمىز دېسەك...

قازاقىستاننىڭ 2030 ـ يىلغىچە بولغان تەرەققىيات يولىنى بەلگۈلەپ بېرىدىغان پرېزىدېنت نۇرسۇلتان نازاربايېۋنىڭ جۇمھۇرىيەت خەلقىگە قىلغان مۇراجىتىنى ناھايىتى دىققەت بىلەن قىزىقىپ ئوقۇپ، ئۆگىنىپ چىقتۇق. مەزكۇر ھۆججەت كىشىلەردە كەلگۈسىگە بولغان ئۈمۈت ـ ئىشەنچە پەيدا قىلدى. مەملىكەت پرېزىدېنتىنىڭ پۈتكۈل قازاقىستانلىقلارنىڭ غېمىنى قىلىپ ئۇلارنى قىيىنچىلىقتىن، تۈيۈق يولدىن قۇتقۇلدۇرۇش، تۇرمۇشىنى گۈللەندۈرۈش، بىخەتەرلىك ۋە تۇرمۇش پاراۋەنلىكىنى ياخشىلاش يولىدا تۈزۈلگەن بۇ ھۆججەت، پروگراممىسى ئىلمىي ئاساستا چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق ئويلىشىپ تۈزۈلگەنلىكى يارقىن بايقىلىدۇ.

مەن پرېزىدېنتىمىزنىڭ مۇراجىئەتتە ئوتتۇرىغا قويغان ستراتېگىيەلىك پروگراممىدىكى چاقىرىق، مەخسەتلەر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ۋە مۇۋاپىق دەپ قارايمەن، شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلىمەنكى، ئالدىكى ئىشلار روشەن كۆرسىتىلگەن بۇ چاقىرىقلارنىمۇ يۈزدە ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنى مەن مۇستەقىل قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇخراسىمەن، دەيدىغان ھەر ساھا، ھەر كەسىپتىكى ئادەملەر ئىشلەپ چىقىرىشقا تولۇق قاتنىشىشلىرى، تېخنىكىلىق باشقۇرۇشنى يەنىمۇ يۇكسەك دەرىجىگە كۆتىرىپ، ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرۈشلىرى لازىم. مەملىكەتنىڭ ئىستىقبال، تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش قازاقىستاندا ياشىغۇچى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق بۇرچىدۇر.

ھازىرقى ئىختىسادىي قىيىنچىلىق دەۋرىدە يېتەرسىزلىكلەر ئورغۇن، قىيىنچىلىقلار سەۋەبىدىن چىقىش يولى تاپالماي ئىككىلىنىۋاتقان جانلار، نېمە قىلىشنى بىلمەي تىنەپ ـ تەنتىرەپ قېلىۋاتقانلار ئاز ئەمەس.

پرېزىدېنت ن. نازاربايېۋنىڭ مۇراجىتىدە ئادەملەرنىڭ مۇشكىلاتتىن قۇتۇلۇش، ياخشى كۈنلەرگە يېتىش ئۈچۈن نېمە قىلىش كېرەكلىكى ئوچۇق كۆرسىتىلگەن.

قازاقىستان كەڭ مۇنبەت زىمىنغا، پۈتمەس ـ تۈگىمەس بايلىققا ئېگە، كېلەچىكى زور ۋە پارلاق دۆلەتتۇر. موشۇنداق بايلىقلارنى ئېچىش، ئۇنى دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن سەرىپ قىلىش، گۈللەنگەن قازاقىستاننىڭ تەرەققىياتىنى ئېغىمۇ ئالغا يۇكسەلدۈرىدۇ.

بىز موشۇ كۆرسىتىلگەن پارلاق ئىستىقبالغا ئېگە گۈزەل ھاياتقا يېتىش يولىدا ھەممە بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك. كېلەچەك بىزدىن ئەينە شۇنى كۈتىدۇ!

تۇرسۇن بادىلوۋ،
ئەمگەك ۋېتېرانى.

ياخشىنىڭ شاراپىتى

يۇرت قەدىرلەيدىغان ئادەم

مۇشتىرى توپلاش بانىسى بىلەن ئۇيغۇرلار كۆپ ئولتۇراقلاشقان تۈركسىپ ۋە يېڭى ھايات مەھەللىلىرىدىكى يۇرتىنىڭ ھەر بىر ئادىمى بىلەن تونۇشۇپ قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كېتىشكە توغرا كەلدى. ئەينە شۇنداق ئادەملەرنىڭ بىرى گېزىتلىرىمىزنىڭ جان كۆيەرى يېڭى ھايات مەھەللىسىنىڭ ۋېگىت بېشى ئاياز ياقۇپوۋ ئېدى. يېقىندا ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ ئىش ئورنىغا تەكلىپ قىلىپ، ئالمۇتا دورا ئىشلەش فابرىكىسىدا بولدۇم. بۇ يەردە ئاياز ئاكىنى پېنسىيەگە ئۇزىتىش مەراسىمى بولۇۋاتقان ئېكەن.

ـ بۇ تەنتەنىنى باشلاشتىن ئىلگىرى، ـ دەپ سۆز باشلىدى فابرىكىنىڭ باشلىقى مائۇرا ئاخمېتوۋنا ئوماروۋا، ـ ئاياز ئاكىنىڭ كۆپ يىللىق پىداكارانە ئەمگىكىنى قانداق باھالاشنى مەمۇرىيەت مەسلىھەتلىشىپ، بۈگۈن ئۇنىڭ ئېسىدا مەڭگۈ قالغىدەك كۆزلىمىگەن سوغا تەييارلىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر مىنۇت كۈتۈپ تۇرۇڭلار، ـ دېدە سىرتقا چىقىپ كەتتى.

بىز بۇنىڭغا ھەيران بولۇشۇپ ئولتىرىشتۇق. بىر ۋاقىتتا ئىشىك ئېچىلدىدە، ئۇيغۇرچە ناخشا ـ سادالىرى ياڭراشقا باشلىدى. مىللىي كىيىملەرنى كىيگەن ئۇيغۇر تېياتىرىنىڭ ئۇسسۇلچى قىزلىرى بىلەن سازەندە ۋېگىتلىرى ناخشا، ئۇسسۇللار بىلەن زالغا كىرىپ كېلىشتى. ئولتارغانلارنىڭ ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ئۇلارنى گۈلدۈراس ئالقىشلار بىلەن كۈتۈۋالدى. مەزكۇر كوللېكتىۋتا يالغۇز بىر ئۇيغۇر ئاياز ئاكا ئىشلەۋاتقىنى ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ بۇ ئۇنىڭغا قىلىنغان چوڭ ھۆرمەت ئېدى.

ئاياز ئاكا 1937 ـ يىلى غۇلجا شەھرىدە ئىشچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ غۇلجا شەھرىدىكى ئەرلەر بىلىم يۇرتىدا ئوتتۇرا مەلۇماتلىق بولغاندىن كېيىن 1955 ـ يىلى تىببىي مەكتەپنىڭ دورا ياساش بۆلۈمىگە ئوقۇشقا چۈشتى. بۇ يەردە بىر ـ ئىككى يىل ئوقۇغاندىن كېيىن ئۇلارنى ئۈرۈمچىدىكى تىببىي مەكتەپكە ئېلىپ باردى. 1958 ـ يىلى ئۇ مەزكۇر ئوقۇش دەرگاھىنى ياخشى باھالار بىلەن تاماملىدى. لېكىن بۇ ۋاقىتلاردا ئۇ يەردە ئېچىلىپ سايراش، ستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى كەڭ قانات يايغان بولۇپ، ئورغۇنلىغان كىشىلەرگە ئۆز ۋەتىنىدە ياشاش ئىمكانىيىتى بولماي قالدى. ئاياز ئاكىمۇ باشقىلار قاتارىدا ئائىلىسى بىلەن قازاقىستانغا كۆچۈپ كېلىپ، تۈركسىب مەھەللىسىگە ئورۇنلاشتى ۋە ئۆز كەسپىي بويىچە ئالمۇتىدىكى گىيالاردىن دورا ياساش لابوراتورىيەسىگە لابورانت بولۇپ ئىشقا كىردى. 1964 ـ يىلى ئارمىيە خىزمىتىنى تاماملاپ، يەنە ئۆز ئورنىدا ئىشنى داۋاملاشتۇردى. 1968 ـ يىلى ئۇ ئىشلەۋاتقان لابوراتورىيە فابرىكا بولۇپ ئۆزگىرىپ، ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرى پۈتكۈل س س س ر بويىچە تارىلىشقا باشلىدى. ئاياز ئاكا بولسا مەزكۇر فابرىكىدا ئەڭ تەجرىبىلىك ئوپېراتور بولۇپ ھېساپلىناتتى. ئۇ ۋاقىتلاردىمۇ ئۇنىڭ پىداكارانە ئەمگىكى توغرا باھالىنىپ، سۈرىتى سوۋېت ناھىيەسىنىڭ ھۆرمەت تاختىسىدىن بىر نەچچە يىل چۈشمەي كەلدى. «س س س ر سالامەتلىكنى ساقلاش ئەلاچىسى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېگە بولدى.

مەن ئاياز ئاكا بىلەن تالاي يىللار ئارىلىشىپ يۈرۈپ، ئۇنى يېڭى ھايات مەھەللىسىنىڭ ۋېگىت بېشى رېتىدىلا بىلەتتىم. بۈگۈنكى تەنتەنىدىن كېيىن ئۇنىڭ قىرىق يىلغا يېقىن بىر ئورۇندا ئىشلەپ، چوڭ بىر كوللېكتىۋنىڭ ھۆرمىتىگە ئېگە بولغانلىقىغا كۆزۈم يەتتى.

ئاياز ئاكا 1977 ـ يىلى ئوكتەبر ناھىيەسىنىڭ مەمۇرىيىتى «لۇچ ۋوستوكا» كولخوزىنىڭ يېرىگە ئۆيسىزلەرگە ئۆي سېلىشقا رۇخسەت قىلىپ، يەرلەرنى بولۇپ بېرىشكە باشلىغاندا ھازىرقى يېڭى ھايات مەھەللىسىگە كۆچۈپ كېلىدۇ. شۇ ۋاقىتلاردا بۇ مەھەللىنى «مۇتىھەم» مەھەللىسى دەپ ئاتاتتى. ئۇنداق ئاتىلىشىنىڭ سەۋەۋى، بىر تۈركۈم كىشىلەرگە يەر بۆلۈپ بەرگەندىن كېيىن ناھىيە مەمۇرىيىتى يەر بولۇپ بېرىشنى توختىتىپ قويىدۇ. ئۆيگە ھاجەتمەن كىشىلەر رۇخسەتسىز ئۆي سېلىشقا باشلايدۇ، مەمۇرىيەت ئۇ ئۆيلەرنى ئورۇۋېتىشمۇ يەنە سالىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئون يىلچە داۋام قىلغاندىن كېيىن، ھەر بىرىگە گۇۋاھنامە بېرىپ، تۇرۇشقا رۇخسەت قىلىدۇ. ئاياز ئاكا ئەينە شۇنىڭدىن باشلاپ مەزكۇر مەھەللىگە ۋېگىت بېشى بولۇپ كەلمەكتە.

ئۇ ۋېگىت بېشى رېتىدە مەھەللىدىكى تويي ـ توكۈن، نەزىر ـ چىراق ئىشلىرىنى تەرتىپكە سالدى. ياشلار ئارىسىدا تەلىم ـ تەربىيەۋىي ئىشلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئۆز مەھەللىنىڭ قەبرىستانلىقىنى رەتكە سېلىشتىمۇ ئاياز ئاكىنىڭ رولى چوڭ. ئىلگىركى «مۇتىھەم» مەھەللىسى ھازىر يېڭى ھايات مەھەللىسى دەپ ئاتىلىپ، ئالمۇتا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىگە تونۇلۇشقا باشلىدى.

ئاياز ئاكا ياقۇپوۋنىڭ ئائىلى لەيلىخان بىلالوۋامۇ ئۆزىگە ئوخشاش دورىخانىدا ئىشلەپ پېنسىيەگە چىقتى. ئۇلارنىڭ ئۈچ پەرزەنتى بولۇپ، ئوغلى ئەزىز مىلىتسىيە خادىمى، چوڭ قىزى ئارزىگۇل تازىلىق ـ ژۇقۇملۇق ئاغرىقلار ستانسىيەسىدە دوختۇر بولۇپ ئىشلەۋاتسا، كىچىك قىزى ئايگۇل ئاباي نامىدىكى دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۈچىنچى كۇرسىدا ئوقۇۋاتىدۇ.

يېقىندا ئاياز ئاكىنىڭ ئاتمىش ياشلىق تەۋەللۇدىنى مەھەللىسىدىكى جامائەتچىلىك نىشانلاپ ئۆتتى. ئۇ يەردىمۇ ئۇنىڭ نامىغا ھەر بىر مەھەللىلەردىن كەلگەن يۇرت ۋەكىللىرى ئىللىق سۆزلەرنى ئېيتتى.

پەيزۇللا ئەخمەتوۋ.
ئالمۇتا شەھرى.

يادنامە

تارىخچىنىڭ ئەمگىكى خەلق مىراسدۇر



مەن تارىخچى ئەمەسمەن. ئامما ژۇرنالىستلىق ساھاسىدا ئىشلەپ ۋە يېزىپ ژۈرۈپ، ئۇيغۇرلار تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئادەملەر، سەنئەتكارلار، مەرىپەتچىلەر، ھۆنەرۋەن-مېمارلار، نەققاش - ئويمىكارلار، يازغۇچى - شائىرلار ۋە باشقىلارنىڭ مۆتىۋەرلىرىنى توپلىمىغا توغرا كەلگەن ئىدىم. ئىزدىنىش جەريانىدا ئۇلارنىڭ خەلق يولىدا كۆرسەتكەن بىقىياس ئەمگەكلىرى ھەققىدە تېخىمۇ قىزىقتۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز قۇدرىتىمنىڭ يېتىشىچە ئۇيغۇرلارنىڭ (باشقا مىللەتلەرمۇ بار) مەشھۇر سىمالىرىدىن بىر قانچە ئۆتلەنلىكلىرىنى ئۇيغۇر مەتبۇئاتلىرىدا تونۇشتۇرغان بولدۇم.

40 - يىللاردىن كېيىن بولسا تاشكەنت، ئالمۇتادا مەھەللىرىدە ئۇيغۇر تىلىدا نەشىر قىلىنغان «شەرىق ھەقىقىتى»، «يېڭى ھايات»، كېيىنرەك «قازاق ئېلى» ۋە باشقا ئۇيغۇرچە ژۇرنال - كىتابلار مېنىڭ تارىخ ساھاسىغا ئۇيغۇرلار ھاياتىدا ئۆتكەن شەخىلەرنىڭ تارىخنى بىلىشكە، ئۇلارنى مەتبۇئاتقا تەييارلىشقا زور تۆھپە قوشتى. خۇسۇسەن «تىل، ئەدەبىيات ھەم تارىخ مەسىلىلىرى» دېگەن كىتاب ۋە ئۇنىڭ تۈزگۈچىسى تارىخ پەنلىرىنىڭ نامزاتى ق. ئا. ئوسمانوۋنىڭ «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ تارىخچىسى - مۇسا سايرامى» دېگەن ئەسىرى ماڭا ئالاھىدە يول ئېچىپ بەردى. ق. ئوسمانوۋ: «... ئىلى تارىخچىسى موللا بىلال بىن موللا يۈسۈپنىڭ «كىتاب غازات دەر مۇلكى چىن» دېگەن ئەسەرى، چوچەكتە قارى قۇربان غەلى بىن خالىدھاجىنىڭ «كىتاب تارىخ جەدىدەئى جەدىدەسى» ۋە «تارىخ خەمسەسى» مەتبەدە بېسىلىپ چىققان ئىدى. قەشقەرلىق ھاجى يۈسۈپ ۋە لەد موللا ئوشۇرنىڭ، ئاتۇشلۇق مەخمۇد بەگ ۋە لەد مىر ئەخمەدشەيخ غەربىنىڭ، خوتەنلىك مەخمۇدئەلەمىنىڭ، يارىكەنتلىك مەخمۇد سالىخنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ تارىخى ئەسەرلىرى موشۇ كۈنگىچە قولىيازما ھالىدا ساقلىنىپ كەلگەن» دەپ يازىدۇ.

خۇددى ق. ئوسمانوۋنىڭ يازغىنىدەك، 20 - ئەسىردىمۇ بەزى ئۇيغۇر تارىخچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىمۇ قولىيازما ھالىدا ساقلىنىپ كەلگەن. مەسىلەن، ئابدۇللا ئەپەندى غوجامىر ھاجى، ئىمىن ھۆسەيىن، ئىمىنجان باۋۇدۇن ۋە باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرى قولىيازما ھالىدا ساقلانغانلىقى مەلۇم.

مەن 1939 - 41 - يىللىرى غۇلجا شەھىرىدىكى ئىلى بىلىم يۇرتى دېگەن گىمنازىيەنىڭ ئۇيغۇر 4- سىنىپىدا ئوقۇغان ئىدىم. دەل شۇ ۋاقىتتا خەنزۇ 4 - سىنىپىدا ئابدۇرەشىت ئىمىن دېگەن ئۇيغۇر بالىسى ئوقاتتى. بىر كۈنى مەن ئۇنىڭدىن: «سىز نېمىشقا ئۇيغۇر سىنىپىدا ئوقۇماي، خەنزۇ سىنىپىدا ئوقۇيسىز؟» دەپ سورىدۇم. ئۇ:

— دادام مېنى چەت تىللارنى بىلىشىمنى خالايدۇ، ئۆزىمۇ خەنزۇچە، رۇسچە ۋە باشقا تىللارنى بىلىدۇ، — دېگەن ئىدى. دېمەك، ئابدۇرەشىت ئىمىنجان باۋۇدۇننىڭ ئوغلى ئىكەن. ئۇ ئەسەرلىرىنى بىلىملىك قىلىش ئۈچۈن، ھەم بىلىشنى ئايرىمچە قۇرغان ئىكەن.

ئارىدىن بىر قانچە يىللار ئۆتتى. غۇلجا شەھىرىدە نەشىر قىلىنىدىغان «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىنىڭ 1949- يىل 3- سانىدا «ئۇيغۇر خەلقنىڭ ماقال- تەمسىللىرى» ناملىق ماقالىنىڭ ئاپتورلىرىدىن ق. قادىرى، ھەسەن. ئى. باۋۇدۇن دېگەن ماتېرىيالىنى كۆرۈپ قالدىم. 1957- يىلى بولسا، ئۈرۈمچىدە نەشىر قىلىنغان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى قولىيازمىلىرىنىڭ كاتالوگى» دېگەن كىتاپ قولۇمغا چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ «تارىخى ۋە ئىلمى ئەسەرلەر» دېگەن قىسمىدا «ئىلى تارىخى» 1926 - يىلدىن تارتىپ يېزىلغان كىتابدا ئىمىنجان باۋۇدۇن ۋە ئۇنىڭ «ئىلى تارىخى» كىتابى قىسمەن تونۇشتۇرۇلغان. دېمەك، ئى. باۋۇدۇن بىزنىڭ تارىخىمىزغا تارىخچى ۋە فولكلورشۇناس سۈپىتىدە كىرىپ كەلگەن. مانا شۇندىن باشلاپ ئۇنىڭ مۇرەككەپ ھاياتىنى، جاپالىق ئىجادىي پائالىيىتىنى ئۆگىنىشكە قىزىقتىم.

ئىمىنجان باۋۇدۇن 1897 - يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ سۇ دەرۋازا مەھەللىسىدە مەرىپەتچى، بىلىملىك، دىنىي ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. بۇ دەۋر جاھالەت ۋە خۇراپاتچىلىق ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقىت ئىدى. ئىمىنجان غۇلجا شەھەر ناغىرچى مەھەللىسىدىكى «خانىقا مەكتىۋىدە» بىلىم ئالغان. ئۆكچىگىدىن زىرەك، تەمكىن، دىلىل، چوڭلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالىدىغان بالا بولۇپ ئۆسكەن. ئۇنىڭ ئاتىسى باۋۇدۇن دىنىي ئۆلىما ئادەم بولغانلىقتىن 1910 - 1912 - يىللىرى ئائىلىسى بىلەن خونىخاي مازىرىغا چىقىپ ئورۇنلىشىپ قالغان.

ئىمىنجان باۋۇدۇننىڭ ئوغلى ئابدۇشۇكۇر ئىمىننىڭ يېزىشىچە، ۋە باشقىلارنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا، ئىمىنجان ئىلى دىيارىدا دەسلەپكىلەردىن بولۇپ مەرىپەت ئىشىكىنى ئېچىپ، يېڭى مەكتەپلەر قۇرۇشنىڭ تەشەببۇسكارى بولغان. شۇ دەۋردىكى بىلىمسىز، جاھالەت قالدۇقلىرى ئىمىنجاننى «جەدىتچى»، «كالتەقۇرۇق» دەپ ھاقارەتلەپ، ئۇنىڭ يېڭى بىلىم ئوچاقلىرىنى قۇرۇشتىكى يېڭىلىقنى خالايدىغان ئىدىيەلىرىگە قارشى چىققان. ئۇ ھېمىشەم كونىلىقنى ياقلىغۇچىلار بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئاخىرى ئىلغار جامائەتچىلىكنىڭ ياردەم بېرىشى بىلەن 1916 - يىلى خونىخاي مازاردا تۇنجا مەكتەپ ئېچىشقا ئاچقان.

1920 - يىللاردىن كېيىن ئىمىنجان باۋۇدۇننىڭ مەرىپەت ساھاسىدىكى خىزمىتى تېخىمۇ جىددىيلىشىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى كۆپىيىپ بارغان. ئوقۇش قوراللىرىغا بولغان تەلەپ كۈندىن - كۈنگە كۈچەيگەن. ئۇ ئىلى دىيارىدا ئوقۇش قوراللىرى مەسىلىسىنى ھەل قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىياغا سەپەر قىلىپ، ئۇ يەردىن ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى ژىغىپ باشقىلار ئارقىلىق ئىلىغا ئەۋەتكەن. ئۆزى بولسا، بىلىمىنى يەنىمۇ تاكامىللاشتۇرۇش مەقسىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىن تاتارستاننىڭ قازان شەھىرىگە ئۆتۈپ، ئۇ يەردە تۈرك، تاتار، پارس تىل - يېزىغىنى ئۆگىنىش بىلەن جىددىي شۇغۇللانغان. ئىمىنجان ئۆز سەپىرىدىن قايتقاندىن كېيىن ئىلى دىيارىدا يېڭىچە مەكتەپلەرنى تېخىمۇ كۆپلەپ قۇرۇشقا ئۆزى رەھبەرلىك قىلغان. 1925 - يىلدىن كېيىن بولسا، خونىخاي مازارمەھەللىسىگە يەتتىسۇدىن كوچۈپ كەلگەن كۆچمەنلەر كوپەيگەنلىكتىن يېڭىچە دەرس ئوقۇتۇش تېخىمۇ كەڭ يولغا قويۇلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ تىل - يېزىقتا بولغان قىزغىنلىقى تۈپەيلىدىن موڭغۇل يېزىغىنى ھەم ئۆگەنگەن. بۇددا لامىلىرىدىن تارىخقا دائىر ماتېرىياللار ژىغقانلىقى مەلۇم.

ئىمىنجان باۋۇدۇن 1932 - يىلدىن 1937 - يىلغىچە چاپچال، توققۇز تارا ناھىيەلىرىدە مەدەنىي - مائارىپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە مەمۇرىي ساھالاردىمۇ ئۈنۈملۈك خىزمەتلەر قىلغان. خۇسۇسەن چاپچال ناھىيەسى يېزا - قىشلاقلىرىنىڭ مەدەنىي - مائارىپىنى كۆتىرىشتە قىلغان خىزمىتىدىن خەلق بەك رازى بولغان.

ئى. باۋۇدۇن ئۆز خەلقىنىڭ، ئۆز ۋەتىنىنىڭ تارىخىنى يېزىپ دۇنياغا مەلۇم قىلىشتا كوپ ئىزدەنگەن، تىنماي ئەمگەك قىلغان، جاپا - مەشەققەتتىن قورقمىغان كوپ قىرلىق ھەقىقىي تارىخچى ئالىمدۇر. خۇسۇسەن ئۇ «ئىلى تارىخىنى» يېزىپ، مەيدانغا چىقىرىشتا 22 يىللىق ئومرىنى، ژۈرەك قېنىنى سەرىپ قىلغان. ئۇ، بۇ ئەسەردىن باشقا «ئىسلام ئۆلىمالىرى»، «ئىسلام خەلىپىلىرى»، «ئىسلام تارىخى» ئوخشاش تارىخىي ماۋزۇلاردا ئەسەرلەر يازغانلىقى ئېنىق. ژۇقۇرىدىكى فاكتلارغا قارىغاندا، تارىخچى ئالىم ئۇيغۇرلار ھاياتى ھەققىدە يەنىمۇ ئۇلمەس ئەسەرلەر يازىدىغانلىقى چوقۇم ئىدى. بىراق جاللات شىڭ شىسەي ئۇنىڭ ئەندى غۇنچىلىغان ئومۇر باھارىنى غازاڭ قىلدى. 1940 - يىلى بىگۇناھ تۈرمىگە تاشلىدى. ئۇ تۈرمە ئازاپلىرى تۈپەيلى ئۇزۇن ياشىماي 1948 - يىلى غۇلجا شەھرىدە 51 يېشىدا ۋاپات بولدى.

— 40 - يىللىرى ئىلى دىيارىنىڭ مەتبۇئات ۋە مەتبەئە ئىشلىرى ئانچە تەرەققىي قىلمىغانلىقتىن كىتاپ چىقىرىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئى. باۋۇدۇن ئۆز ئەسەرلىرىنى قولىيازما ھالىتىدە ۋە بەزىلىرىنى بولسا، ژۇرناللاردا نەشىر قىلدۇرۇش بىلەن قانائەتلەنگەن. «ئىلى تارىخىنى» بولسا ئۆزى ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئوغلى ئابدۇرىشت ئىمىنغا ۋەسىيەت قىلىپ: «مەن بۇ تارىخنى موشۇ يەردە توختاتتىم. 22 يىللىق ئومرىمنى سەرىپ قىلىپ ئىشلىگەن بۇ كىتاپنى مېنىڭ ئورنۇمدا رەھبىرىمىز ئەخمەتجان ئەپەندى جاناپلىرىغا تەقدىم قىلارسەن» دېگەن ئىكەن. ئابدۇرىشت ئىمىن قولىيازمىنىڭ بىر نۇسخىسىنى ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئەخمەتجان قاسىمىغا تاپشۇرغان. مەزكۇر قولىيازما ھازىر ئۈرۈمچىدىكى ئەسەرى - ئەتىقىلەرنى ساقلاش بولۇمىدە ساقلىنىۋاتسا كېرەك. قولىيازمىنىڭ فوتوكوچۇرمىسى (يەنە بىر نۇسخا) ئابدۇشۇكۇر ئىمىننىڭ قولىدا ساقلانماقتا.

تارىخچى ئى. باۋۇدۇن تارىخىي ماۋزۇلارغا مۇراجەت قىلىپلا قالماستىن ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىنى ژىغىپ توپلاش ئىشىدا جاپالىق ئەمگەك قىلغان. بۇ توغرىدا «تارىم» ژۇرنالى 1957 - يىلى 10 - سانىدا: «... ئىمىنجان ئاكا 3000 دىن ئوشۇغىراق ئۇيغۇرخەلق ماقال - تەمسىللىرىنى توپلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئۆزىنىڭ ھايات ۋاقتىدا مەتبۇئات ئارقىلىق خەلقىمىزگە تەقدىم قىلىش پۇرسىتىگە ئېگە بولالمىغان ئىدى. بىز ژۇرنالىمىزنىڭ موشۇ سانىدىن باشلاپ مەرھۇم ئىمىنجان ئاكا تەرىپىدىن توپلانغان خەلق ماقال- تەمسىللىرىدىن تېغى مەتبەئە يۈزىگە چىقمىغانلىرىنى تاللاپ، داۋاملىق تونۇشتۇرماقچىمىز» دېيىلگەن. شۇندىن باشلاپ 11 - 12 - سانلىرى ۋە 1958 - يىلى 1 - 2 - سانلىرىدا تونۇشتۇرۇپ كەلدى.

بۈگۈن تارىخچى ئالىم ئىمىنجان باۋۇدۇننىڭ تۇغۇلغىنىغا 100 يىل تولدى. ئۇ ئۇيغۇرلار تارىخىغا ۋە ئۇنىڭ بولغۇسى قامۇسىغا ناھايىتى قىممەتلىك مىراس قالدۇرۇپ كەتتى. بىز بۇ ئۆلمەس سىمانى خاتىرىلىگىنىمىزدە، ئۇنىڭ يېزىپ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن تارىخىي مىراسلىرىنى تارىخچى تەتقىقاتچىلىرىمىز شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇشۇكۇر ئىمىن ۋە ئەۋرىسى ياش ئالىم ئەكبەرجان باۋۇدۇنلار ژىغىپ، توپلاپ تەتقىق قىلىدۇ، دەپ ئىشىنىمىز.

تۇرسۇن قاھارىي.
ئالمۇتا شەھىرى.

سۈرەتتە: ئىمىنجان باۋۇدۇننىڭ تەخمىنەن 1930 - يىلى چۈشكەن سۈرىتىدىن كوچۈرمە.

ژىللار ۋە ئادەملەر

ئۇستاز ئېقىدىسى ئۇنتۇلمايدۇ



بىلگەن كىشىگە ئۇستازدىن ئارتۇق ھورمەتلىك ۋە قەدىرلىك ئىنسان يوق. مەن ئۈچۈن ئۇستازىم مۇتەللىپ ئېلەمۇ ئەينە شۇنداق كىشى. ئۇ ھازىر ياركەنت شەھرىدە ياشاۋاتىدۇ. بىيىل 87 ياشقا تولدى. يېقىندا ئۇستازنى يوقلاپ ئويىگە باردىم. مۇتەللىپ ئاكا دىۋاندا ئولتۇرۇپ يازغۇچى ئىلياس ئېسىمبېرلىننىڭ «كوچمەنلەر» ناملىق رومانىنى ئوقۇۋاتقان ئىكەن. ئۇستاز ئۇنى كوز ئەينەكسىز ئوقۇۋېتىپتۇ. ئېنىنىڭ كوزىنىڭ ساغلاملىقىغا ھەيران بولدۇم. ئۇ مېنى بىردىن تونۇدى. ئىللىق سالاملاشتۇق.

— مېنى يوقلاپ كەلگىنىڭگە رەخمەت، — دېدى ئۇستاز خۇشاللىقىنى سىغدۇرالماي، — شاگىرتلىرىم توغرىلىق بىرەر ياخشى گەپ - سوزنى ئاڭلىسام خۇشال بولۇپ، كوڭلۇم كوتىرىلىپ قالىدۇ ۋە بىردىن شۇ ژىللاردىكى سىلەرنىڭ ئوقۇيمەن دەپ تارتقان جەۋرۇ - جاپارىڭلار كوز ئالدىمغا كېلىدۇ...

ھەقىقەتەنمۇ ئۇ ژىللىرى بىز ئۈچۈن ئېغىر ژىللار بولغان ئىدى. تۇغۇلۇپ ئوسكەن يېزىمىز نادەكتە باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، ئۇنى تاماملىغاندىن كېيىن، باللار ۋە ئاتا-ئانىلار تەشۋىشكە چۈشەتتى. ئورۇق - تۇغقانلىرى بارلار ياركەنت شەھرىگە ۋە باشقا جايلارغا ئوقۇشقا كېتەتتى. قالغانلىرى يەنجىم يېزىسىدىكى يەتتە ژىللىق مەكتەپكە قاتناپ ئوقاتتى. ئارىلىق يېقىن ئەمەس - سەككىز چاقىرىم. قىش - ياز بۇ يولدا پىيادە ياكى ئېشەك بىلەن بېرىپ ئوقاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇش ژىلى باشلانغاندا يەنجىم مەكتىۋىگە ئوتلىغان ئادەملەر كېلەتتى، ژىل ئاخىرىدا ئۇلاردىن بىر نەچچىسىلا قالاتتى. ئەشۇ ژىللىرى ماڭمۇ يەنجىمگە قاتناپ ئوقۇشقا توغرا كەلگەن ئىدى. ياز كۈنلىرى ئانچە بىلىنمەتتى. قىش كۈنلىرى بەكمۇ قىيىنلاتتۇق. قار قېلىن، جاراڭلاپ تۇرىدىغان سوغ، كىيىملىرىمىزمۇ يالاڭ ئىدى. شۇندا مەكتەپ مۇدىرى مۇتەللىپ ئاكا ئاتىلارچە غەمخورلۇق قىلاتتى. يەنجىملىك مۇئەللىملەرنىڭ ھەممىسى دېگىدەك بىزگە بەكمۇ مېھرىۋانلىق قىلىپ، چوڭقۇر بىلىم ۋە تەربىيە بەردى. ھازىر ئۇلارنىڭ كوپچىلىكى ئارىمىزدا يوق. ئايشەم ئىمىروۋا، ئالىم زوردىنوۋ، ھۆسەن ئەختەروۋ، فېدور ستىرىلوۋ، ئۇرخان سوپىيېۋا ۋە باشقا ئۇستازلارنىڭ ئېقىدىسى، مېھرى- شەپقىتى، ئىللىق سىماسى شاگىرتلىرىنىڭ دايىم قەلبىدە.

باشتا شۇ يوسۇندا باشلانغان سوھبىتىمىزنىڭ ئاخىرى مۇتەللىپ ئاكىنىڭ ھايات يولىغا ئۇلاشتى. ھەقىقىتىنى ئېيتسام، ئۇستازنى مەن يەنجىملىك دەپ ژۈرەتتىم.

— بىز ئەسلى خوشنا ئالتوي يېزىسىدىن بولۇمىز، — دېدى ئۇ سوئالىمغا جاۋابەن ھايات يولى سەھىپىلىرىنى ۋاراقلاپ، — ئائىلىدە تورت ئوغۇل، بىر قىز ئېدۇق، دادام ئېلەم يازدا دېخانچىلىق قىلاتتى. قىش كۈنلىرى بولسا ھارۋىسى بىلەن ھاللىقلارنىڭ ئىشلىرىنى ئاتقۇراتتى. ئاتا- ئانىمىز يوقسۇزچىلىقنىڭ دەردىنى كوپ تارتقان كىشىلەر.

ئېلەم ھوسمانوۋ ئوزى ساۋاتسىز بولسىمۇ، باللىرىنى ئوقۇتۇشقا كوڭۈل بولگەن كىشى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىدرىكى بار مۇتەللىپ ئاكا ياركەنت شەھرىدە چۈشكىچە بوساقوۋ نامىدىكى ئۇيغۇر مەكتىۋىدە، چۈشتىن كېيىن لوناچارسكىي نامىدىكى رۇس مەكتىۋىدە ئوقۇپ بىلىم ئالىدۇ. 1928 - يىلى رۇس مەكتىۋىنى مۇۋاپىەقىيەتلىك تاماملىغاندىن كېيىن ئالمۇتىدىكى مۇئەللىملەرنى تەييارلايدىغان مەكتەپكە ئوقۇشقا ئەۋەتىلىدۇ. بۇ بىلىم دەرگاھىنى پۈتەرگەندىن كېيىن، ئۇ ئۇستازلىق پائالىيىتىنى باشلايدۇ. ياش پېداگوگ دەسلەپ ئاۋات، تۇۋەنكى يەنجىم، ئالتوي، يەنجىم يېزىلىرىدىكى مەكتەپلەردە ئىشلەپ، ياش ئەۋلاتلارنىڭ بىلىمگە بولغان تەشنالىغىنى قاندۇرۇش يولىدا ھارماي - تالماي ئەمگەك قىلىدۇ. ئۇ بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، يېزا ئاھالىسىنىڭ ساۋادىنى ئېچىش ۋە ئېگىلىكلەرنىڭ جامائەتچىلىك ئىشلىرىنىمۇ ئاكتىۋ قاتنىشىدۇ.

— ھايات ئاستا- ئاستا قىنىغا چۈشۈۋاتقان بىر مەزگىلدە يەنە ئەنسىزچىلىك باشلىنىپ كەتتى. — دەيدۇ مۇتىۋەر ئوتمۇشنىڭ پاجىەلىك ۋاقىەلىرىنى كوز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، — تارىختا «ئاق داغلار» دەپ نامى قالغان ستالىنچە تەقىپلەش سىياسىتى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولدى... ياركەنت تەۋەسىدىمۇ يۈزلىگەن بېگۇناھ كىشىلەر رەزىل سىياسەتنىڭ قۇرۋانلىرى بولدى. تەشۋىشلىك كۈنلەرنىڭ بىرىدە قايغۇ- ھەسرەت بىزنىڭ ئائىلىمىزمۇ ئۆزچاڭگىلىغا ئالدى. مەن ئۇ ۋاقىتلاردا سادىر يېزىسىدىكى مەكتەپتە مۇدىر بولۇپ ئىشلەۋاتاتتىم. دادامنىڭمۇ «خەلق دۈشمىنى» بولۇپ تۇتۇلغانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئۇ مۇنداق بولغان ئىكەن: دادام مەلىدىن ياركەنتكە بېرىپ تۈرمىگە چۈشۈپ قالغان ھوسمان كالتە جاپان دېگەن ئاغىنىسىنى يوقلاپ كەلگەن ئىكەن. بۇنى مەخسۇس كىشىلەر بايقاپ ژۈرگەن بولسا كېرەك، ئارىدىن بىر كۈن ئوتمەي ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ ئادەملىرى دادامنى شۇ كالتە جاپاننىڭ قېرىۋقلىرى دەپ قولغا ئاپتۇ. ئاندىن «خەلق دۈشمىنىنىڭ» بالىسى مەنمۇ ئىشىمدىن قوغلاندىم. دادامنى باشقا كورەلمىدۇق، ئۇنى قاياقلارغىدۇر ئېلىپ كېتىپتۇ. مەن ئىشسىز. ئادەملەرمۇ بىزدىن چەتنەپ كەتكەن ئىدى. ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئوتكەندىن كېيىن مېنىڭدىن ھېچ نەرسە چىقىرالماي قايتىدىن ئوز ئىشىمغا قويدى.

مۇتەللىپ ئاكا ياش ئەۋلاتلارغا بىلىم بېرىش ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇپ، يەنجىم يېزىسىدىكى يەتتە ژىللىق مەكتەپتە قىزغىن ئىشلەۋاتقان بىر مەزگىلدە ئۇلۇق ۋەتەن ئۇرۇشى باشلىنىپ كېتىدۇ. ژىگىتلەر كەينى- كەينىدىن ئۇرۇشقا ئاتلىنىدۇ. ياركەنت تەۋەسىنىڭ ئوزىدىنلا ئون تورت مىڭ كىشى ئاتلانغان ئىكەن. شۇلارنىڭ قاتارىدا مۇتەللىپ ئېلەمۇۋمۇ بار ئىدى.

— مەن 2- ئۇكرائىنا فرونتىدا بولدۇم، — دەيدۇ مۇتەللىپ ئاكا، — شىددەتلىك جەڭلەرگە بىۋاستە قاتناشقان بىلەن، مەخسۇس ھەربىي قىسىمدا خىزمەت قىلدىم. ئاساسىي ئىشىمىز تومۇر يول، كورۈك ياساش ئىدى. دنېپر، دۇناي ۋە باشقا دەريالارغا كورۈك ياساش ئىشلىرىغا قاتناشتىم. ئىشىمىز ناھايىتى خەتەرلىك ئىدى، ئۇلارنى جەڭ بولۇۋاتقان پەيتلەردە ئاتقۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. شۇ قىيامەت - قايىمدىنمۇ ئامان قېلىپ، غالىبىيەتنى ئاۋستىرىيەنىڭ ۋېنا شەھرى يېنىدا قارشى ئالدۇق.

ياركەنتلىك جەڭچى ھەر قانداق ۋەزىپە ھوددىسىدىن شەرەپ بىلەن چىقىپ، كوپلىگەن ئوردېن، مېداللار ئېلىشقا سازاۋەر بولىدۇ. 1946 - يىلى ھەربىي سەپتىن قايتقان جەڭچى ئۇستازنى يۇرتداشلىرى خۇشال - خورام قارشى ئالىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن مۇتەللىپ ئاكا ئوزىنىڭ سويۈملۈك كەسىپى بويىچە يەنجىم يېزىسىدىكى مەكتەپتە مۇدىر لاۋازىمى بىلەن ياش ئەۋلاتلارغا بىلىم ۋە تەربىيە بېرىشكە پۈتكۈل - كۈچ تەجىبىسىنى سەپەرۋەر قىلىدۇ.

سوھبىتىمىز تاماملانغاندىن كېيىن، ئۇستاز بىلەن سەمىمىي خوشلاشتىم ۋە ئۇنىڭغا سالامەتلىك تىلىدىم.

ئابدۇكېرىم تۇدىياروۋ.
يارکەنت شەھرى.

سەپەر تەسراتلىرى

1

مۇستەقىل قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قورغاس باجخانى-
سى بىلەن شىنجاڭ - ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى باجخانىسىنىڭ
ئارىلىقى بىر نەچچە يۈز مېترلىق سۇسىز تاشلىق ساي ئې-
كەن. خالاس. شۇ يەردىكى باجخانا ئارىلىقىدا دولەت چېگارىسى.
قازاقستان باجخانىسىدا ھوججەتلەرنى رەسمىيلەشتۈرۈپ بول-
غاندىن كېيىن مەخسۇس ئاپتوبۇسقا ئولتاردۇق.

ئاپتوبۇس ھەيەل قىلماي دولەت چېگارىسىغا كېلىپ توخ-
تىدى. ھەربىي كىيىمدىكى بەقۇۋۋەت قازاق سولداتلىرى
كوزنەتتە تۇرىدۇ. ئۇلارغا قاراپ ھەۋەس كەلدى. ئوز دولى-
تىنىڭ ئوز كوزەتچىلىرى - سولداتلىرى! سۇمباتلىق بىر قا-
زاق ئوفىتسېرى سالام بېرىپ ئاپتوبۇسقا كىردى. ھوججەت-
لىرىمىزنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، سەپىرىمىزگە ئاق يول تى-
لىدى.

خەتاي تەرەپتە چېگارا كوزەتچىلە-
رى چۈغى كىچىك. بىر خىل خەتاي ھەر-
بىيلىرى. ھوججەتلەرنى تەكشۈرەكچى بولغان خەتاي سول-
داتى ئاپتوبۇسقا كىردىدە. شوفيور بىلەن خەتاي تىلىدا قى-
قىلا سوزلىشتى ۋە بىرمۇ - بىر ھوججەتلەرنى تەكشۈردى.
ئاندىن شوفيورغا قاراپ «چۇلە!» (ماڭ) دېدى.
ئاپتوبۇس ئورنىدىن قوزغالدى ۋە بىر ئاز مېڭىپلا باجخانىغا
كېلىپ توختىدى.

چىرايلىق سېلىنغان بىنا. بىنانىڭ ماگلىسىدا خەتاي ھەر-
پىدە يېزىلغان چوڭ خەتلەر. كەڭ تاشا، ئازادە زاللاردا چى-
رايلىق فورمىدىكى كورۈنۈشىدىن مەغرۇر، تەكەببۇرلىقى
چىقىپ تۇرغان خەتاي سىللىتىگە مەنسۇپ باجخانا خادىم-
لىرى. ئۇزلىرىگە ئۇيا - نەگىلىكى بايىدا قىلغان، فورمىلىرى
ئوزىگە بەك ياراشقان، بىر ئىبغىزمۇ ئۇيغۇرچە چۈشەنمەيدى-
غان خەتاي قىزلىرى ھوججەتلەرنى رەسمىيلەشتۈرىدۇ. ئاد-
دىن يېرىمى رۇسچە، يېرىمى ئۇيغۇرچە، يېرىمى خەتايچە
سوزلىگەن خادىملار چەمودان - سۇمكىلىرىمىزنى
ئىچىپ، بىرمۇ - بىر تەكشۈرۈشتىن ئوتكۈزدى.

چېگارىدىن باشلاپ باجخانىنىڭ ھويلىسىدىن چىققىچە
بىرەر ئۇيغۇرچە خەتنى، بىرەر ئىبغىز ئۇيغۇرچە سوزلىگەن ئىن-
سانى كورمىدىم.

پەقەت، تومۇر سالاسونلۇق دەرۋازىدىن چىققان-
دىن كېيىنلا ئۇيغۇرلارنى كوردۇم. لېكىن ئۇلار غەيرى مىل-
لەتلەرنىڭ ئارىسىدا ئاشىكىي پۇچاقتەك. ساناقلىقلا. ئۇستى-
گە كىرلىشىپ كەتكەن كوستيۇملارنى، بېشىغا كونا يېڭى
كەپكىلەرنى كىيگەن ئۇيغۇر ژىگىتلىرى. ئۇلار دەرۋازىدىن
چىققىنىڭىز بىلەنلا: «ئاكا، دوللار بارمۇ، دوللار؟»، «تەڭگە با-
رمۇ ئاكا، ماشىنا بار!» دېيىشىپ ئەتراپىڭىزغا ئولىشىۋال-
دۇ. ئۇلارنىڭ «تىجارىتى» ئامېرىكا دوللىرىنى خەتاي پۇلى-
غا ئالماشتۇرۇپ بەش - ئون تىيىندىن پايدا كورۇش، كې-
رەكلىك جايىڭىزغا يەتكۈزۈلۈشىڭىز ئۈچۈن خەتاي شوفيورلى-
رى بىلەن سوزلىشىپ، شوفيوردىن بەش - ئون سوم ئىلىش
ئىكەن. خالاس.

بىر چاغدا ئۇستى بېشىدىكى كىيىملىرى بەكمۇ خارابىي،
چىرايلىرى سولغۇن، مىسكىن، ھاسا تۇتقان شالاڭ ساقاللىق
بىر بوۋاي ئوزىگە بەك ئوخشاپ كېتىدىغان قارغۇ قىزنى يې-
تىلىپ ئالدىمغا كەلدى.

- ئاللا يولىدا خەير - سەدىقە بېرىڭ، بالام؟! - دېدى
يېنىلىش، تىتىرەك ئاۋازدا. بوۋاينىڭ تويايېغىشتۇرغان، قۇ-
ياش ئوزىدا قارىداپ كەتكەن تاتاڭغۇر ئۇزلىرىگە، ئىچىگە
ئولتۇرۇشقان ئورىسىز، ھەسرەت - نادامەتكە تولغان كوزلىرى-
گە قارىغىنىمچە قانچە تۇرۇپ قالغىنىمنى
بىلمەيمەن.

مەنزىلىمىزگە يەتكىچە يوللاردا لازىم بولۇپ قالار دەپ ئال-
ماتىدىلا ئالماشتۇرۇۋالغان بىر ئاز خەتاي پۇلى يانچۇقىمدا
بار ئىدى. ئون يۈەنلىكتىن بىرنى ئالدىمدا بوۋايغا ئۇزاتتۇز-
دۇم. بوۋاينىڭ تۇرقىدا بىر ئۇزۇلۇك ئوزگىرىش پەيدا بولدى.
مىسكىن - غېرىبانە كوزلىرىگە نۇر قونغاندەك. ئۇزلىرىگە قان
يۈگۈرۈپ، رازىمەنلىك - خوشاللىق ئەكس ئەتكەندەك بولدى.
بوۋاي پۇلنى كوزلىرىگە سۈرتكەندەك قىلدى ۋە قىزىنىڭ
قۇلىقىغا: «بۇ ياخشى ئادەم ئون سوم بەردى قىزىم، ئون
سوم!» دەپ پىچىرلىغىنىنى ئاڭلاپ قالدىم.

ئاندىن بوۋاي بىلەن ئەما قىز قوللىرىنى
ئېگىز كوتىرىشىپ، ئۇزاقتىن - ئۇزاق دۇئا قىل-
دى. شۇندا بوۋاينىڭ كوزلىرىدىن چىققان ئىككى تامچا
ياش ئۇزىدىكى چىڭقىدەك قورۇقلار ئارىلىقى ئېقىپ، ساقال-
لىرىنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كەتتى.

2

شىنجاڭ - ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ باجخانىسى ئورۇنلاشقان بۇ
جايىنى ئىلگىرى «چازا» دەپ ئاتىشاتتى. ئۇ چاغدا بۇ
يەردە ساناقلىقلا ئويلەر، بىنالار بولىدىغان. ھازىر بولسا چازا
شەھەر قىياپىتىگە ئىگەللەپتۇ. بىر - بىرىسىگە ئوخشىماس خە-
تاي ئىستىلىدا سېلىنغان بىنالار، تۇرۇشلۇق ئويلەر قەد كوتى-
رىپ، ئاسفالتلانغان كەڭ كوچىلار پەيدا بوپتۇ. ھەممە بىنا-
لارنىڭ ماگلىسىغا، تاملىرىغا، يول ئەتراپىدىكى تاختىلاردا پە-
قەت خەتايچە يېزىقلار، ئۇيغۇرنىڭ ھېچ
قانداق بەلگە - نىشانىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ.
پۇرىغىمۇ كەلمەيدۇ. پەقەتكىنە چۇنجىدىكى
خارابىي كورۇنۇشتىكى ئاشخانىلارنىڭ ماگلىسىغا يېزىلغان
«مۇسۇلمان ئاشخانىسى»، «ئسللىي ئاشخانا» دېگەن ئۇيغۇر-
چە خەتلەرنىلا كورۇش مۇمكىن.

تۇغۇلغان يېرىم، بالىلىق دەۋرىم ئۆتكەن چېلەكچى شەھ-
رىنىڭ بىر چاغلاردىكى ئاۋاتى، گوزەللىكىدىن نام - نىشانە-
مۇ قالمىغان. بۇك - بوستانلىق كوچىلار، ھەر خىل مۇئەللە-
گە ئولان باغ، ھېيلار، پىشايۋانلىق ئويلىرى بار كوپلىگەن
مەھەللىلەر ئوز ئىزىدىن يوق، ئىبرەتلىك مەيدانلىرىغا ئايلىنىپ-
تۇ. ئۇيغۇرلار پەققەت شەھەرنىڭ كۇن چىقىش ۋە كۇن پې-
تىش تەرەپىدىكى بىر نەچچە كوچىدىلا ياشايدىكەن؟

قىزلار بىر يۈەن قايتۇرما ئالغىسىنى بېرىشتى. بىر نەچچە
قېتىم سورىدى. بىلىت ساتقۇچىدا ئۈن يوق. ئىيمشكىدۇر
قىزلارغا ئەپرەت كوزى بىلەن قارايتتى. مەن ئۇنى دەققەت
بىلەن كوزىتىپ ئولتۇرىمەن. بىر چاغدا ئۇ بىر يۈەنلىك كو-
نىراپ ئوپتىلىپ كەتكەن ئالغىنى سىقمىي ئىچىدە مەجىب
مەجىب، قىزلارنىڭ يۈزىگە قارىتىپ ئاتتى.

يۈزۈن چىچىنى بىلەكتەك بىر قىلىپ ئوروپ ئارقىسىغا
چۈشۈرۈۋالغان ئاق ئۆزلۈك چىرايلىق قىز ئورنىدىن سەك-
رەپ تۇردىدە، خەتاي تىلىدا بىر نەرسىلەرنى دەپ ۋاقىراشقا
باشلىدى. بىلىت ساتقۇچىمۇ ئورنىدىن غەزەپ تۇردىدە، شۇ
سىرىغا ۋاقىرىۋاتقان، ماشىنا دەررۇ توختىدى. ئۇ قىزلارنىڭ
ئالدىغا كەلدى دە، «ماشىنىدىن چۈش» دەپ ۋاقىرىدى. جاڭ-
جال باشلاندى.

خۇللاس، جاڭجال ئون بەش، ژىگىرمە منۇتتەك داۋاملاش-
قىلمايدىكەن. تاكسى يېڭىنىڭ ماشىنىلىرىنى ھەيدەيدىغانچى
شوفيورلار ئولۇغى بىلەن ياش خەتاي قىزلىرى بىلەن ژى-
گىتلىرى. مەن تاللاي قېتىم ئەشۇ تاكسىلاردا ماڭساممۇ، بى-
رەر ئۇيغۇر شوفيورنى ئۇچرىتالمىدىم. ئەگەر تاكسىدا ماڭماق-
چى بولسىڭىز، خەتاي تىلىنى بىلمىسىڭىز، شوفيورغا سوز-
لىكىنى ئوختۇرالماي ئاۋارە بولىدىكەنسىز.

... غۇلجىنىڭ خەتاي بازىرى تەرىپىنى ئايلىنىپ، ئەتراپىنى
تاماشا قىلغاچ يولنىڭ چېتىدە كېلىۋاتىمەن. ئۇرۇقتىن بىر ئا-
يالنىڭ مەركىزى دەققىتىمنى ئوزىگە جەلپ قىلدى. ئايال
بىردە ئۇ يېقىنى، بىردە بۇ يېقىنىڭ ئوستىگە قارايدۇ، تەتۇر-
پىغا ئالاق - جالاق باقىدۇ. ئاربلاپ - ئاربلاپ ئۇيان - بۇيان
يۈگۈرۈپمۇ قوياتتى. كىشىلەرگە بىر نەرسىنى ئىيىتقاندەك قىلىدۇ.
ئاسماننىڭ ئىيتقاننى بېرۇپ قۇيتاتقان ھېچ كىم يوق. «بۇ ئايال سو-
دايمۇ ياكى تىلەمچىمۇ؟» دىگەن ئوي بىلەن ئۇنىڭغا قارىشقا
كېلىۋاتىمەن. ئارىلىقىمىز ئىككى - ئۈچ چامدامچە قالدى. ئايال
توختىدى. ئىچىگە ئۆلتۇرۇشقان ئۇرسىز كوزلىرىنى بىرنەچچە

ئۆزەم شاھىدى بولغان ئىغىر

بۇ قېتىم سەپەرگە چىقىشىمغا كىندىك قېنىم تامغان، باللىق دەۋرىم ئۆتكەن ئانا يۇرتىنى، ئەزىز ۋەتەننى كورۇپ، زىيارەت قىلىش ئارزۇسى سەۋەپ بولدى. شۇ كۈنىگىچە ۋەتەن ھەققىدە ھەرخىل گەپ - سوزلەرنى ئاڭلاپ كەلگەن ئىدىم. ۋەتەننىڭ كېلەچىگى، تەغدىرى ھەققىدە كوپ گەپ قىلىشقا بولىدۇ. ئاما بۇ ئىنخچام سەپەرنامىغا ئۇلارنى سىغدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. كوزۈم بىلەن كورگەن، قۇلۇغۇم بىلەن ئاڭلىغان بىر نەچچە ۋاقىئەگىلا قىسقىچە توختىلىپ ئوتۇشنى توغرا كوردۇم.

شەھەرنىڭ چوڭ بازار كوچىسى بېشىدىن ئاخىرىغىچە
بۇزۇۋېتىلىپ، چوڭ يول سېلىنىپتۇ. يولنىڭ ئىككى تە-
رىپىدە دۇكانلار، مەمۇرىي بىنالار، قەۋەتلىك تۇرۇشلۇق ئوي-
لەر قەد كوتىرىپتۇ.

تۇغۇلغان يۇرتتا بولغان بىر نەچچە كۈن ئىچىدە مېنى ھەي-
ران قالدۇرغان نەرسىلەر شۇ بولدىكى،(سىز بۇلارغا ئىشەن-
مەسلىكىڭىز مۇمكىن) ئىشتلارنىڭ ھاۋشۇغان بىرەر ئاۋازى-
نى ئاڭلىمىدىم، موشۇكلەرنىڭ مياۋلىشىنى كورمىدىم، قار-
غىلارنىڭ قاقىلداشلىرىنى، كەپتەر، پاختەكلەرنىڭ ئۇچۇپ
ژۇرگەنلىكىنى بايقىمىدىم.

- بۇ جانۋارلار نەگە كەتكەن؟ - دەپ سورايمەن كىشى-
لەردىن.

- ھەممىسىنى يەپ تۈگەتتى!

... ؟

- ھە. بۇ «ئاكا مىللەتلەرنىڭ» ئىشت - موشۇك دېگەنلە-
رى ئەڭ ئېسىل تائاملىرىدىن ھېساپلىنىدىكەن.

- ھەر قانچە بولسىمۇ شۇنچە چوڭ يۇرتتا بىرەر ئىشت،
موشۇكنىڭ قالمىغىنى قانداق؟

- ھە. بۇ ئاغىنىلەر ئاسماندا ئۇچقان ھەممە ئۇچار قاناتلار-
نى، يەردە ماڭغان جىمىكى جانۋارلار بىلەن ھاشارەتلەرنى،
يەردىن ئۇنۇپ چىققان ھەممە چوپ - گىيالارنى بىر چې-
تىمدىن يەپ ژۇرۇۋېرىدىكەن. ئەمەسمۇ!
1962- ژىلقى «قاچ - قاچ»تىن كېيىن «شىنجاڭنى گۈللەن-
دۇرۇشكە» ئىچكىرىدىن تۇمەنلەپ چىققان «ئاكا مىللەت-
لەر» تەييار ئويلەرگە كىرىپ ئورۇنلاشتىدە، ژىلدىن - ژىلغا
ھەممە ياق خانۇ - ۋەيران بولۇشقا باشلىدى. مانا كورۇپ
تۇرۇپسىز، بىرەر ئويدىيە ئىشت يە موشۇك يوق. ھەممىنى ئوغرىلاپ
كېتىپ يەپ تۈگەتتى. ھەتتا ئۇچار قۇش چېغىدا ئىسسىق
ماكانلىرىدىن بېزىپ كەتتى.

3

يوللارنىڭ ياسىلىپ، ناھىيە، يېزا - كەنتلەرنىڭ ئارىلىقىدا
قاتنايدىغان ئاپتوبۇسلارنىڭ (ئاساسەن مىكرو ئاپتوبۇسلار)
كوپەيگەنلىكىگە رازى بولىسىز، ئەشۇ ئاپتوبۇسلاردا كوپ-
رەك ماڭىدىغان يولۇچىلارنىڭ ئىشتىنىنىڭ پۇشقىغىنى تى-
زىغىچە تۇرۇۋېلىپ، كىدەرىشىپ ئولتارغان ھالدا قۇلاق -
مېيىڭىزنى يەپ ۋاقىراپ - چاقىراپ سوزلەشكىنىچە تاماكا
چېكىپ، تاماكىسىنىڭ قالدۇغىنى ئالدىغىلا تاشلاپ، ئۇنىڭ
ئۇستىگە «خارت» قىلىپ تۇكۇرۇپ، پۇتى بىلەن ئېزىپ
سۈركەشلىرىگە قاراپ ئەپسۇسلىنىسىز.

سۇيدۇڭدىن چىڭسىخوزىغا بېرىش ئۈچۈن ئاپتوبۇسقا ئول-
تاردىم. ئاپتوبۇس ئىچىدە ياشقىنا ئۇيغۇر ژىگىتتىن باشقى-
لارنىڭ ھەممىسى خەتايلار. سۇيدۇڭنىڭ ئادەم كەۋجۇم كو-
چىسىدا كېلىۋاتقان ماشىنا بىر چاغدا توختاپ زامانىۋىي كې-
يىنگەن چىرايلىققىنا ئىككى ئۇيغۇر قىزى كىرىپ كەلدى.
ئارقا تەرەپتەرەك مېنىڭ ئۇدۇلۇمدىكى بوش ئورۇنغا كېلىپ
ئولتاردى. ئاپتوبۇسنىڭ بىلىت ساتقۇچىسى
خەتاي قىزى ئىكەن. ئۇ يولۇچىلاردىن كىرا ھەق-
قىنى ئېلىشقا باشلىدى. ئۇيغۇر قىزلىرىدىن ئاقچا سورىدى.
قىزلار ئېخى ھازىرلا يەتتە يۈەن بەرگەنلىكىنى، بىر يۈەن
قايتۇرمىسىنى بېرىشنى سورىدى. بىلىت ساتقۇچى «مەن
سىلەردىن ئاقچا ئالمىدىم. قېنى، ئاقچا تولەڭلار» دەپ تۇ-
رۇۋېلىۋېدى، ئارقىدا ئولتارغان بىر ئىككى خەتاي ژىگىتلى-
رى قىزلارنىڭ يەتتە يۈەن بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ كوۋالىق-
تىن ئوتكەندىن كېيىنلا، بىلىت ساتقۇچىنىڭ ئاغزى
ژۇمۇلدى.

تى. بىر چاغدا ماشىنا ئورنىدىن قوزغالدى. مەن قىزغا قا-
رىدىم. ئۇز تېرىسىگە سىغماي ھەس - ھەس بولۇپ ئولتار-
غان قىزنىڭ كوزى بىلەن كوزۈم توقۇنۇشتى.

- بىز ئۇيغۇرلار بېشىمىزنى ئىچىمىزگە تىقىۋېلىپ، بىچارە
بولۇپ ئولتۇرىشىمىزدىن بۇ كەلگىندىلەر موشۇ دەرىجىگە
يەتتى مانا!..

- سىڭلىم، مەن بۇلارنىڭ تىلىنى بىلمەيمەن، چەت ئەللىك
مەن، - دېدىم قىزنىڭ سوزلىرىدىن ئوكۈنىپ.

- ئۇرقىڭىزدىن مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان، - دېدى قىز، -
مونۇ بالىغا نېمە بوپتۇ، - «قويۇڭلار، ئۇرۇشماڭلار» دەپ قو-
يۇپلا، شۈمشۈيۈپ ئولتاردى. بۇ لومودىلاردىن قورقۇپ
جانىنى ئايىغىدەك نېمىمىز قالدى...

كوزۈمنىڭ قۇيرۇغىدا بىلىت ساتقۇچىغا قاراپ قويىمەن.
جاۋغايلىرىدا كوژۈك قايناپ كەتكەن ئۇنىڭ سەت بەشەرى-
سىگە قاراپ بىردە سەسكىنىمەن، بىردە نەپرەتلىنىمەن. ئۇ
قىزلارغا يامان كوزى بىلەن تىكىلىنەتتى، چىشلىرىنى غۇچۇر-
لىتاتتى، مۇشتلىرىنى تۈگەتتى.

- ئەۋۇنىڭ ئەلپازى يامان، - دەپ قىز ئورنىدىن تۇردى-
دە كوينىگىنىڭ ئالدى تۈگمىلىرىنى ئاچتى ۋە دوستىغا، -
چېچىمنى كوينەكنىڭ ئىچىگە تىقىۋەت، ئەۋۇ ھازىر ماڭا ئې-
سىلىشى مۇمكىن. قېنى ئۇ كەلگۈندىنىڭ كۈچىنى كورۇپ
باقاي! - دەپ قىز بىلەكتەك چېچىنى كوينىگىنىڭ ئىچىگە
تىقىۋېتىۋەتتى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىنى خەتاي قىزى كو-
رۇپ تۇردى.

ئاڭغىچە ماشىنا چىڭسىخوزىغا كىرىپ كەلدى.

- بىز بىرىنچى بېكەتتە چۈشۈپ قالىمىز، - دەپ قىزلار
ئورنىدىن تۇردى، - خوش ئاكا، ئامان بولۇڭ!

- سىلەرمۇ ئامان بولۇڭلار.

بىلىت ساتقۇچى مانا ئەندى ئېمىشكىدۇ، مولۇن موشۇكتەك
شۈمشۈيۈپ قالدى. بېشىنى بۇراپ ئالدىغا قارىغىنىچە،
كەينىگە - قىزلارغا ئەزەرمۇ تاشلىماي ئولتىرىۋەردى. ماشىنا
توختىدى. قىزلار چۈشۈپ قالدى...

4

بىر چاغلاردىكى غۇلجا شەھىرى ھازىر يوق، تامامەن دې-
گىدەك ئوزگىرىپ كەتكەن. ئاسمان بىلەن بويى تالاشقان
سۆۋادان، قۇچاق يەتمەس سوگەت، سېدە دەرەقلىرى يىل-
تىزىدىن قومۇرۇپ تاشلىنىپ، ئورنىدا ساپ خەتاي ستى-
لىدا سېلىنغان ھاشامەتلىك بىنالار، ئېگىز قەۋەتلىك تۇرۇش-
لۇق ئويلەر قەد كوتەرگەن. ئاتلىرىنىڭ بويۇنلىرىغا قوڭغ-
راقلارنى ئاسقان خادۇك ھارۋۇلارنىڭ ئورنىنى چوڭ - كى-
چىك ئاپتوبۇسلار، يېڭىك ماشىنىلار ئىگەللىگەن. شەھەردە
كىشىلەرگە قولايلىق بولۇش ئۈچۈن تاكسىلارنى بەك كوپەي-
تىپتۇ. ئۇلار خىتايدا ئىشلەنگەن چاققانغىنا قىزىل رەڭلىك
يېڭىك ماشىنىلار، ئادەمنى بىر ھەيران قالدۇرىدىغان يېرى،
ئەشۇ تاكسىلارنىڭ ئالدىدىكى ئورۇن بىلەن ئارقىدىكى ئو-
رۇن ئارىلىقىغا تومۇر سېتكىلار تارتىلىپ، سالون ئىككىگە
بولۇنگەن. بۇ شوفيورنىڭ بىخەتەرلىكىنى ساقلاش ئۈچۈن
قىلىنغان چارە ئىكەن. كەچكى سائات سەككىزدىن كېيىن
شوفيورنىڭ يېنىدا يولۇۋچىلارنىڭ ئولتۇرىشىغا رۇخسەت

ئېچىپ، ماڭا تىكىلەنگىنىچە تۇرۇپلا قالدى. مەن قولايسىز
ئەھۋالدا ئايالنىڭ ئۇستى بېشىغا نەزەر تاشلىدىم. پۇتىدا ئەس-
كى كەشە، ئۇستىدە ئوز رەڭگىنى يوقاتقان، سۇزۇلۇپ ژىتى-
لىشقا باشلىغان ھەتتا بىرنەچچە يېرىگە ياماق چۈشكەن كوك
كوينەك، بېشىدا چەت - چورىسى ژىتىلىپ، قىرچىلغان،
كىرلىشىپ كەتكەن ئاق رومال. ئاتمىش ياشلار ئەتراپىدىكى
بۇ بىچارە ئايالنى تىلەمچى ئىكەن دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا
ئىچىم ئاغرىپ، قولۇمنى يانچۇغۇمغا سېلىشىمغا تولىمۇ ئو-
رۇق جۇدەڭ ئۇ ئايال:

- ۋاي بالام، سىز مېنىڭ بالامغا بەك ئوخشايدىكەنسىز، -
دەپ ئۇن قاتتى مېنىڭدىن كوز ئالماي، - قاراڭا، كوزلىرىڭىز،
قاشلىرىڭىز، ھەتتا بۇرۇنلىرىڭىزغىچە ئوخشايدۇ...

مەن نېمە دېيىشىمنى بىلمەي، قولۇمنى يانچۇغىمدىن چى-
قىرالماي تۇرۇپ قالدىم.

- مېنىڭ چىرايلىق بالامنى ئولتۇرۇۋەتتىغۇ! مېنىڭ ئەقىل-
لىق بالامنى ئولتۇرىۋەتتىغۇ! - دەپ ئايال چىرايلىرىنى ئومۇل-
لەشتۇرۇپ، كوزلىرىدىن تارام - تارام ياش ئاققۇزۇپ بوز-
لاشقا باشلىدى. - ۋاي بالام، ئالتۇن بالام، تاتلىق بالام، جې-
نىم بالام!..

- سەۋىر قىلسىلا چوڭئا، سەۋىر قىلسىلا، - دەپ ئايالنىڭ بې-
لىگىدىن تۇتۇپ چەتكەرەك تارتتىم. ئايال قارشىلىقسىز مې-
نى ئەگەشتى.

- سەۋىر قىلسىلا، ئاللادىن كەلگەن ئەجەلگە ئامال يوق، -
ئەشۇ سوزگە تىلىم ئارانلا كەلدى.

ئارىدىن بىر نەچچە دەقىقە ئوتتى. مەن
نېمە دېيىشىمنى بىلمەي تۇرىمەن. بىر چاغدا ئايال ئۇھ دەپ
ئىغىر نەپەس ئالدىدە، ئاستا سوز باشلىدى.

- بالام «ئاپا، مەسىڭىز بىر ئاز كونىراپ قاپتۇ.
سىزگە ھېيتلىق يېڭى مەسە - كالاچ ئېلىپ كېلەي»
دەپ ئايەم كۈنى بازارغا كەتكەن ئىدى. توپىلاڭغا ئارىلىشىپ قاپتۇ.
ھەربىيلەر بىلەن ساقچىلار ئۇرۇپ - سوقۇپ، ئىشتلارغا
تالىتىپ، تۇرمىگە ئېلىپ كېتىپتۇ. تۇرمىدە قىيناپ - ئازاپ-
لاپ، سۇ چېچىپ توڭلىتىپ ئولتىرىۋەتتى. مېنىڭ بالام-
دا نېمە گۇنا بار ئىدى. ۋاي بالام، ئەقىللىق بالام، باغرىم
بالام!... بىچارە ئايال قايتىدىنلا ھازا ئاچتى.

بەزگەك ئادەمدەك جالاقلاپ تىترەپ كەتتىم. ئايال-
نىڭ ئاھۇ - زارىغا چىداپ تۇرالمىدىم. ئۇنىڭ يېنىدىن
ئىشتىك كېتىپ قالدىم...

5

غۇلجىنىڭ ئادەم كەۋجۇم كوچىلىرىنىڭ بىرىدە ئوتتۇز ياش-
لار ئەتراپىدىكى ئاق سېرىق، ئىللىق چىراي، خوش مۇئامى-
لىلىك بىر باققال ژىگىت بىلەن سوھبەتلىشىپ قالدىم. باق-
قال ژىگىت ئۇزۇن قول ھارۋىسىغا ئۇزۇم، ئالمىلارنى دوگ-
لاپ، چىرايلىق تىزىپ قويۇپ سېتىۋاتقان ئىكەن.

- بۇ ئۈزۈم، ئالمىلار موشۇ يەرنىڭمۇ ياكى باشقا جايلاردىن
ئېلىپ كەلگەنمۇ؟ - دەپ سورىدىم.

- موشۇ ئىلى تەۋەسىنىڭ، - دېدى ژىگىت ئۇچۇق - يو-
رۇقلۇق بىلەن، - قېنى ئاكا، تەمىنى تېتىپ كورۇڭ، ئېلىڭە،
ئېلىڭ!

مەرۋايىتتەك تاۋلىنىپ تۇرغان ئۈزۈمدىن بىر-ئىككى تالنى ئاغزىمغا سالدىم.

– بىر چاغلاردا ئىلى تەۋەسىنىڭ مېۋىلىرى بەك شېرىن، تاتلىق بولىدىغان. ھازىرمۇ ھەر ھالدا يامان ئەمەس، – دېدى يىگىت.

– ھە، شۇنداق، مېۋە – چېۋە، قوغۇن – تاۋۇزلارنىڭ تەمىنىڭ كېتىۋاتقانلىقىدىن [illegible] بۇزۇلۇشىدىن بولىۋاتىدۇ. بىز تەرەپلەردىمۇ شۇنداق.

– توغرا دەيسىز. بۇ ئاغىنىلەر لوپنۇردا ئاتوم بومبىسىنى ئۇتۇپ، قىرىق يىلدىن بېرى ئاتوۋېرىپ، ھەممە ياقنى زەھەرلەپ بولدى. لوپنۇردا ئاتوم بومبىسىنى سىناق قىلىۋاتقانلىقىنى مۇشۇ يېقىنقى يىللارغىچە بىلمەي يۈرگەن ئىكەنمىز. ئۇنى چەتئەلدىن كەلگەنلەردىن ئاڭلاپ بىلدۇق. [illegible]

قىسمەتلەر

لىمدەكىنى يوشۇرماي.

– بۇ ئۈزۈم، ئاللار ئۆزىڭىزنىڭ بېغىڭىزمۇ؟ – سورىدىم يىگىتتىن.

– ياق، باغۋەنلەردىن سېتىۋالىمىز. سېتىۋالغاندىمۇ شېخىدا تۇرغىزۇپلا سېتىۋالىمىز، مۇشۇنداق پارچىلاپ ساتىمىز.

– ئاپاۋەت يامان ئەمەستۇ؟

– يامان ئەمەس، ئانچە باي بولۇپ كەتمەيمىز، پۇلسىزمۇ قالمايمىز.

– باققاللىق قىلىۋاتقانلىقىڭىزغا خېلە بولدىمۇ؟

– ھە، خېلە يىللار بولۇپ قالدى. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئىمكانىيىتى بولمىدى. [illegible]

– بالا – چاقىلار بارمۇ؟ – دەپ سورىدىم.

باققال يىگىت ئېغىر خورسىنىپ، بىر نەچچە دەقىقە كۆزلىرىمگە تىك باقتى.

– بالا- چاقا ھەققىدىكى سوئالىڭىز يۈرىكىمدىكى دەرت ھەسرەتنى قوزغاۋەتتى.

– ئائىلىڭىزدە بىرەر پالاكەت يۈز بەرگەنمۇ؟

– ھە، ئەندى يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرىدۇ.

– ئۇ نېمە ئىش، ئۇكا؟

– ھەي ئاكا، – دەپ يىگىت ئۇلۇق كىچىك نەپەس ئالدى ۋە بىر نەچچە دەقىقە جىم - جىتلىقتىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.- يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغان ئەشۇ پالاكەت ھەققىدە مەن سىزگە قىسقىچە ئېيتىپ بېرەي. بۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرى ئۆيلەنگەنمەن. ئايالىم بىر ئوغۇل، بىر قىز تۇغۇپ بېرىپ، بەش يىل ئىلگىرى ئېغىر كېسەل بولۇپ ئالەمدىن ئۆتتى. ئىككى بالا بىلەن قالدىم. كىچىك قىزىمنى قېيىنانام ئۆز قولىغا ئېلىۋالدى. ئوغلۇم بىلەن يالغۇز قالدىم. ئايالسىز ياشاش تولىمۇ قىيىن ئىكەن. بىر يېتىم ئايالنىڭ يالغۇز قىزىغا ئۆيلەندىم. قېينانامۇ، ئايالىممۇ ياخشى ئىنسانلار. ئايالىم ھامىلدار. بىچارە پەرزەنت كۆرۈشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدۇ. قېينانامۇ قىزىنىڭ تېچ ئامان يېنىكلىۋېلىشىنى، نەۋرە سۆيۈشنى كېچە- كۈندۈز خۇدادىن سورايدۇ. مەن ئۆزەممۇ ئايالىمنىڭ تۇغۇشىنى، پەرزەنت سۆيۈشۈمنى، ئائىلەمىزنىڭ تېخىمۇ مۇستەھكەم بولۇشىنى تىلەيمەن. بىراق،ئاكا، ھۆكۈمەتنىڭ ئادەملىرى چاقىرتىپ:«سېنىڭ ئىككى بالاڭ بار. بىزنىڭ مەملىكىتىمىزدە خەنزۇلار بىر بالا،مىللىيلارغا ئىككى بالىدىن ئارتۇق تېپىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سېنىڭ بۇ بالاڭ نورمىدىن ئوشۇق، بىزنىڭ سىياسىتىمىزگە خىلاپلىق ئىش. خوتۇنۇڭنىڭ قوسىقىدىكى بالىنى ئېلىپ تاشلايمىز» دەپ تۇرىۋاتىدۇ. ئايالىم بىچارە:«ھوي، بۇ مېنىڭ بىرىنچى پەرزەنتىمغۇ.ئۇنى مەن تۇغۇشۇم كېرەك. مەنمۇ پەرزەنت سۆيۈشنى خالايمەن» دەپ ۋىغلاپ، يالۋۇرۇپ- يېلىنىشلىرىغا كونەر ئەمەس. «ئەگەر خوتۇنۇم تۇغسۇن دېسەڭ 30 مىڭ يۈەن جەرىمانە تۆلەيسەن» دەۋاتىدۇ. ئۇنچىلىك پۇلنى مەن نەدىن تاپىمەن. قورا - جايىمنى ساتساممۇ ئۇنچىلىك پۇلغا ئالمايدۇ. شۇ چاغدا مەن نېمە قىلىشىم كېرەك؟مانا ئاكا،يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغان پالاكەت! دەپ يىگىت كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

مەن ئۇنىڭغا نېمە دەپ تەسەللىي بېرىشنى بىلمەي قالدىم...

ئالىمجان باۋدۇنوۋ

ياخشىنىڭ شاراپىتى

ئەمگەك ئەجرىدىن تېپىلغان ئابروي

شەرقىي تۈركىستان دىيارىدا ياشاپ ئالەمدىن ئۆتكەن ئىسمايىل داموللام ئۆز دەۋرىنىڭ تەرەققىيپەرۋەر، ئاك – سەۋىيەلىك كىشىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئەرەب، پارس تىللىرىنىمۇ ياخشى بىلىدىغان مۇتەپەررىلىرىمىزدىن ئىدى. ئۇنىڭ ھاياتىدا ئىلىم – مەرىپەت ئىشلىرى بىلەن بىر قاتاردا شېئىرىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقىمۇ مەلۇم. شۇنداقلا خەلقىمىزنىڭ تارىخىنىمۇ قىزىقىپ، تۆپلىغانلىقىنىمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئۇ ئۇلۇق ئەللامە ئالىمىمىز مەھمۇت قەشقەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەسەرىنى كېيىنكى يىللاردا قولىنىپ كېلىۋاتقان تىلىمىزغا ئائىتلاشتۇرۇپ شەرىلەش ئارقىلىق ئۇنىڭ مەلۇم قىسىملىرىنى شۇ دەۋردە چىقىۋاتقان ژۇرناللاردا نەشر قىلدۇرغان.

ھاياتتا ئىرسىيەت، نەسلىگە تارتىش قانۇنى مەۋجۇت بولغاندەك، ئىسمايىل داموللامنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ ئاتا يولىغا ۋارىسلىق قىلغان ھالدا ئىناۋەتلىك كىشىلەردىن بولۇپ يېتىلدى. ئەينە شۇلارنىڭ بىرى – ئۆزۈن يىللاردىن بېرى بىشكېك شەھىرىدە ئىستىقامەت قىلىپ كېلىۋاتقان خەيرىنسا تۇردىيېۋادۇر. ئۇنى ئائىلىسىدە ئۆلگىلىك ئانا، جەمىيەتلىك ئىشلارنىڭ جان كۆيەرى ۋە شائىرە رېتىدە بۇ تەۋەدە ياشايدىغان ئاھالىنىڭ كۆپى دېگىدەك ياخشى بىلىدۇ.

1963 – يىلى تەغدىر تەقەززاسى بىلەن ئانا ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ، كېيىنچە ئىلىگە ئائىلىسى بىلەن كوچۈپ چىققان ئۇلارغا دەسلەپكى ۋاقىتلاردا كۆپلىگەن تۇرمۇش ئېغىرچىلىقلىرىنى، قىيىنچىلىقلىرىنى باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كەلدى. لېكىن تەر توكۈپ قىلغان ھالال ئەمگىكى تۈپەيلى بۇ قىيىنچىلىقلار پەيدىن – پەي ئارقىدا قېلىپ، ئائىلە تۇرمۇشى بىر قەدەر ئوڭشىلىشقا باشلىدى. خ. تۇردىيېۋا بىشكېك شەھىرىدىكى توقۇمىچىلىق فابرىكىسىغا ئىشقا ئورۇنلاشقان كۈندىن باشلاپ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەيلا كوللېكتىۋنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلىدى. شۇنىڭدەك ئۇ ئۆزىنىڭ كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىكى سەمىمىيلىكى، ئادەمگەرچىلىكى، خالىس ۋە ئىشچانلىقى بىلەن كەسپداشلىرىنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولالىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن فابرىكا مەمۇرىيىتى ئۇنى سېخ نازارەتچىسى ۋەزىپىسىگە تەيىنلىدى. ئۈستىگە يۈكلەنگەن جاۋاپكارلىقنى مۇناسىپ ھېس قىلغان خ. تۇردىيېۋا بۇ ئىشەنچنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ، فابرىكىنىڭ ئىش سۈرئىتىنى ئاشۇرۇش ۋە مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاشتا زور تۆھپە قوشۇپ يۈردى. مەمۇرىيەتنىڭ ئۇنىڭ ئىشىنى يۇقىرى باھالاپ 1988 – يىلى پەخرىي يارلىق بىلەن تەغدىرلەنگەنلىكى شۇنىڭ ئەمەلىي ئىسپاتىدۇر. «ئىشلىگەننىڭ ئۆزى يورۇق» دېگىنىدەك، خەيرىنسا تۇردىيېۋا شۇ يىللاردا فابرىكىنىڭ ئابرويلۇق ئىشچىلىرىنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالدى.

پەقەت ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك ئىشىنىلا ھۆددىسىدىن چىقىش بىلەنلا ئەمەس، ئۇ مەھەللىسىدىكى جامائەتچىلىك ئىشلىرىنىمۇ تەشەببۇسكارى بولۇپ كەلگەنلىكى بىلەن ئاھالىنىڭ مىننەتدارلىقىغا ئېرىشكەن ئاياللارنىڭ بىرى رېتىدە كۆپلىگەن چارە – تەدبىرلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ كەلمەكتە. ئۇ ئۆزى ياشاۋاتقان يۇرتىدا ئىلغار مىللىي ئۆرپى – ئادەتلىرىمىز، ئەنئەنىلىرىمىزنى يوقاتماي ساقلاپ قېلىش ۋە ئۇلارنى جانلاندۇرۇش، يۇرتىنىڭ بىرلىكىنى كۈچەيتىش يۈزىسىدىن مەھەللىدىكى ئىناۋەتلىك، ئىلغار پىكىرلىك ئاياللار بىلەن بىرلىكتە تەرغىبات ئىشلىرىنى ژۈرگۈزۈپ كەلدى. بۇ يەردىكى يەرلىك كېڭەشلەرنىڭ سايلىمىدا ئۇنىڭ شەھەردىكى ئوكتەبىر ناھىيەلىك كېڭەشنىڭ دېپۇتاتى بولۇپ سايلانغانلىقى ئۇنىڭغا بولغان خەلقنىڭ ئىشەنچىسىنىڭ ئىپادىسى بولغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش، شۇ ئارقىلىق سايلىغۇچىلارنىڭ تەلەپلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىش يۈزىسىدىن ئەمەلگە ئاشۇرغان ئىشلىرى ئاز بولمىدى. شۇلارنىڭ بىرى شەھەردىكى ئوكتەبىرسكى ۋە ئەرمىيسكىي كوچىلىرىدىكى كونا ئۆيلەرنى بۇزۇپ، ئۇ يەرگە زامانىۋىي ئىمارەتلەرنى سېلىش شەھەرلىك مەمۇرىيەت تەرىپىدىن بۇنىڭدىن خېلە يىللار ئىلگىرى قارار قىلىنغان. شۇ بويىچە يە ئېرى، يە بېرى ئەمەس ئۇ كوچىلاردا ياشايدىغان ئاھالىنىڭ مەئىشىي تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈنمەي كەلدى. ئىچىدىغان سۇمۇ يوق، قاغجىراپ تۇرغان كولونكىلارنى ياساش، ئۇ يەر، بۇ يەردە دۆكىلىنىپ تۇرغان ئەخلەتلەرنى تازىلاش، تېلېفون ئورنىتىش ئىشلىرىغا ئېتىۋار قىلىنمىدى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن ئىدى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىپ قالغىنىمىزدا، ئۇ ئۆز ۋەزىپىسىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان ھالدا، – خەلق ئىشەنچە بىلدۈرۈپ مېنى بۇ ئىشقا بەلگۈلىگەندىن كېيىن قانداقلا بولمىسۇن، بۇ مەسىلىلەرنى يۇقىرى ئورۇنلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى ئىزدەشتۈرۈشۈم كېرەك. شۇنداقلا مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى ئۇيغۇرلار زىچ جايلاشقان بۇ مەھەللىدە ئۇيغۇر مەكتىۋىنىڭ يوقلىقىدىن باللار ئانا تىلىدا بىلىم ئېلىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. ھەتتا كۆپلىگەن پەرزەنتلىرىمىز ئۆز ئانا تىلىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇشقا ئۆتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلاجە بولسا ئۇيغۇر مەكتىۋىنى ئېچىشقا كۈچ سېلىپ كۆرۈمەن، – دەپ ئۆز مەقسىتىنى ئىزھار قىلغانىدى. كېيىن ئۇ مەسىلىلەر مەلۇم دەرىجىدە ھەل قىلىنغانمۇ بولدى. ئۇ مەھەللىدە ۋە ئائىلىدە يۈز بېرىدىغان تۈرلۈك كېلىشمەسلىك ئەھۋاللارغا يېقىندىن ئارىلىشىپ، ئۇلارغا ئۆز پىكىر، مەسلىھەتلىرىنى بېرىش بىلەن يارىدەم كۆرسىتىپ كەلدى. مەھەللىدىكى توي-تۆكۈن، رەسمىي – يوسۇنلارمۇ ئۇنىڭ بىر نەچچە ئاكتىپ پىكىرلىك ئاياللار بىلەن بىر سەپ بولۇپ ئېلىپ بارغان ئىشلىرى تۈپەيلى بىر ئىزغا چۈشۈپ، ئۇ مۇۋاپىق دەرىجىدە قېلىپلاشتى.

خەيرىنسا تۇردىيېۋا ئەينە شۇ خىل جامائەتلىك ئىشلىرى بىلەن بىر قاتاردا كۆپ يىللاردىن بېرى شېئىرىي ئىجادىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئاتىلىق ژۇرنىلى بىلەن تەۋرىنىپ يازغان شېئىرلىرى ئانا تىلىمىزدىكى گېزىتلىرىمىزدە بېسىلىپ، يېقىندا ئۇ ئىجادىيەت مېۋىلىرى قىرغىز تىلىدا ئايرىم توپلام بولۇپ نەشر قىلىندى.

ھاياتلىقتا تۈگۈلۈپتۇ غەمسىز ئەر،
ئۆمۈر بويى دەرت كۆتىرىپ كەلگەچ يەر.
يۇتمىگەن ئۇي، جالا قالغان ئەجرىنىڭ،
ئارمىنىدا ياشايدىكەن توكۇپ تەر.

بۇ خىل مىسرالاردا ژۈرەك سىرلىرىنى ئىپادە قىلىپ كېلىۋاتقان شائىرەنىڭ شېئىرلىرىدا ئاتىلىق مېھرى – مۇھەببەت، ۋەتەن سۆيگۈسى، ھايات كۆرۈنۈشلىرى ۋە تەبىئەت مەنزىرىلىرى يارقىن جەزىم قىلىنىدۇ.

بىشكېك شەھىرىدە ئۇيغۇر تىلىدا رادىو ئاڭلىتىش پروگراممىسى ئەمەللەشكەندە، بۇ يەردە ياشايدىغان زىيالىلىرىمىز بۇ ئىشقا خەيرىنسا تۇردىيېۋانىڭ مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى ماقۇل كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا شۇ مەسئۇلىيەتلىكنى يۈكلىگەن ئىدى. شۇندىن بېرى ئۇ باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاڭلىتىشلاردىن ئاھالە مىننەتدار بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئائىلىسىدىكى ئانىلىق ۋەزىپىسى، جامائەتچىلىك ئىشلىرى، كۈندىلىك خىزمىتىنى ئابرويلۇق ئاتقۇرۇۋاتقان خەيرىنسا تۇردىيېۋانىڭ كەلگۈسى ئىشلىرىغا يەنىمۇ زور مۇۋاپىيەقىيەتلەر تىلەيمىز.

جامالىدىن قاسىم.
بىشكېك شەھىرى.

مىللىي باش كىيىم مەدەنىيىتى

ئۇيغۇرلاردىكى باش كىيىم ئىنچىكىلىكى توغرىسىدا مۇلاھىزە

ئۇيغۇر باش كىيىملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىي قىلىش تارىخىدىن بىز ئۇلارنىڭ بەدەننىڭ باش قىسمىنى ئاسىراشلار رولى بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا ناھايىتى مول مەزمۇن ۋە ئۇمۇت – ئىستەكلەرنىڭ مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يېتەلەيمىز.

ئۇيغۇر باش كىيىملىرىنىڭ تارىخىي مەنبەسىنى ئېنىقلاشتا، سوزنى ئالدى بىلەن قېدىمىي تۈركىي خەلقلەرنىڭ كىيىم شەكىللىرىنى تەتقىق قىلىشتىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. تارىخىي مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ساكلارنىڭ كىيىم – كېچىكى مۇنداق بولغان: «ئۇلار بېشىغا ئۇچلۇق تەلپەك، پۇتىغا ئۇتۇك ياكى تېرە چورۇق، ئۇستىگە ياقىلىق پەشمەت شالۋۇر (شىم) كىيەتتى».

ساكلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىۋىنى شەكىللەندۇرۇشتە مۇھىم رول ئوينىغان خەلقلەرنىڭ بىرى.ساكلارنىڭ نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرى كىيگەن باش كىيىمى ھازىرغىچە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئۇچلۇق تەلپەك «ئا» شەكلىدە بولۇپ، بۇ تاغ ئېتىقاتىنىڭ باش كىيىمدە ئىپادىلىنىشىدۇر. ھازىرقى ئۇچلۇق تەلپەك «كۇلا» دەپ ئاتىلىپ، شەيخلەر، قەلەندەرلەرنىڭ بېشىدا كۆزگە چېلىقىدۇ. 3000 – 4000 يىل بۇرۇنقى قەبرىلەردىن چىققان جەسەتلەرنىڭ بېشىدىكى كىگىز قالپاق، تۇرپاندىن تېپىلغان كۇلاۋا بۇ پىكىرىمىزنى تەستىقلەيدۇ. دېمەك، ئۇيغۇر باش كىيىملىرى ئارىسىدا مەيدانغا كەلگەن ئەڭ دەسلەپكى باش كىيىم ئۇچلۇق تەلپەك ئىدى. ھازىرقى ئەسكى قورغان قەبرىگاھلىقىدىن چىققان ئالتۇن كىيىمگە نەزەر سالساق، بۇ كىيىمنىڭ ئۇچلۇق دوبۇلغا، قايرىمايىقلىق پەشمەت ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز.

ئېتىقاتىمىزنىڭ ئالمىشىشى، مەدەنىيىتىمىزنىڭ تەرەققىي ئېتىشى بىلەن ئۇيغۇر باش كىيىمىنىڭ تۈرى كۆپىيىشكە يۈزلەنگەن. قالپاق كېيىنكى دەۋرلەردە پۈتكۈل تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئومۇملاشقان ئەنئەنىۋى باش كىيىم بولۇپ قالدى.

پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مەمتىمىن «تۈرك ئىبارىسى ساكلارنىڭ خۇددى موشۇ ئەسىرگىچە ساقلانغان ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ گىرۋىكى تۈرۈلگەن قالپاقلىرىغا ئوخشاش ئۇچلۇق قالپاقلىرىنى ئېتنىك نام قىلدى» دەپ يازغاندى. كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇيغۇر باش كىيىملىرىنىڭ تۈرى كۆپەيدى، سۈپىتى كۆركەملەشتى ۋە نەپىسلەشتى. تۇماق، دوپا، پاپاق، قۇلاقچا قاتارلىق تۆرت پەسىلگە لايىق باش كىيىملەر مەدەنىيىتىمىزنىڭ يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

مىلادىدىن كېيىن بۇددا دىنى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا سىڭىپ كىرىپ، ئۇيغۇر بۇددىزم مەدەنىيىتى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. نەتىجىدە ئۇيغۇر كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىمۇ تەرەققىي قىلدى.

بۇلاردىن باشقا ئۇيغۇرلارنىڭ تەركىۋىي قىسمى ھېساپلانغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي باش كىيىممۇ ئۇيغۇرلارنىڭ باش كىيىم شەكلىنى ھازىرغىچە ساقلاپ كەلگەن. ئاياللار بېشىغا ئۇچلۇق قالپاق كىيىدۇ، ئۇچىغا قىزىل پوپۇك ئورنىتىدۇ.ئەرلەرمۇ ئۇچلۇق قالپاق كىيىدۇ.

يۇقىرىدىكى فاكتلاردىن شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئۇيغۇرلارنىڭ باش كىيىمى ئۇچلۇق تەلپەكتىن باشلىنىپ،ئۇچلۇق قالپاق، تۇماق،شاپاق، قۇلاقچا، ھەر خىل دوپىلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە قەدەر كۆركەملىشىش، سىپتىلىشىش، كۆپ خىللىشىش باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە دوپا - ئۇيغۇرلارنىڭ كۆركەم، نەپىس،ئەنئەنىۋى باش كىيىمى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

مانا بۇ فاكتلار ئۇيغۇر دوپىلىرىنىڭ ھەر خىل ئۆسخىلىرىنىڭ 7 – 8 – ئەسىرلەردىلا بارلىققا كېلىپ، خېلە تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا تۇرپان ئاستانە قېدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان 4 – ئەسىرگە ئائىت قەبرە تېمىغا گىلەم دوپا كىيگەن ئۇسسۇلچى قىز رەسىمى چۈشۈرۈلگەن.

ھازىر بىزگىچە يېتىپ كەلگەن دوپىلاردىن بادام دوپا، گىلەم دوپا، چىمەن دوپا، مانچېستىر دوپا، ئۈنچە دوپا، زەر دوپا، قىزىل گۈل دوپا قاتارلىقلار – ئاساسلىق دوپا ئۆسخىلىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بولۇپمۇ بادام دوپا ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ.

بادام دوپا – ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى باش كىيىمى. بۇ خىل دوپىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەنجان، تاشكەنت، بۇخارا، سەمەرقەنت قاتارلىق جايلاردىكى كىشىلەر كىيىشكە ئادەتلەنگەن. چىمەن دوپا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قېدىمكى دوپا ئۆسخىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. چىمەن دوپا – نورۇز كۈيىگە تولغان، قۇشلار سايرىغان، گۈل – چېچەككە پۈركەنگەن ئانا تەبىئەتنىڭ باش كىيىمدىكى ئىنچام كۆرۈنۈشىدۇر. چىمەن دوپا كۆز ئالدىمىزغا ئېگىز، سۇلار ئېقىپ تۇرغان، يېشىللىققا پۈركەنگەن تاغ – دالالارنى كەلتۈرىدۇ. ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە نورۇز بەلگۈسى، باھاردەك ئىللىقلىقنىڭ، يىمىرىلمەس دوستلۇقنىڭ سىمۋولىدۇر.

ئۇيغۇر دوپىلىرى 2000 يىلغا يېقىن تەرەققىيات تارىخىدا سۈپەت جەھەتتىن كۆركەملىشىپ ۋە نەپىسلىشىپ، ئۇيغۇرلار ياقتۇرۇپ كىيىدىغان باش كىيىمگە ئايلاندى.

«شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنالىدىن قىسقارتىپ تەييارلىغان شېرۋاخۇن باراتوۋ.

يۇبىلېيلىق كەچلەر

ئەزىز يۇرتنىڭ ئەزىز پەرزەندى

سۈرەتتە: ئابدىرىم ئاكا بىلەن رەپىقىسى تۇرانقىز ھەدە.

«ئەزىز يۇرتتا ئەزىز ئىنسانلار تۇغىلىدۇ» دەيدىكەن دانا خەلقىمىز. ئەزىزانە قەشقەرىيەدە دېھقان ئائىلىسىدە بۇنىڭدىن يەتمىش ژىل مۇقەددەم دۇنياغا كەلگەن ئابدىرىم ئەخمەدىي ئوز خەلقى ئەزىزلەيدىغان، قەدىرلەيدىغان، مۇبارەك ئىسمىنى ھورمەت بىلەن تىلغا ئېلىپ پەخىرلىنىدىغان ئەزىز ئىنسانلارنىڭ بىرسى.

يېقىندا ئالمۇتىنىڭ مەركىزىي كونسېرت زالىدا ئوزبېكىستان خەلق ئارتىستى، ئاتاقلىق ناخشىچى ئابدىرىم ئەخمەدىينىڭ تەۋەللۇدىغا يەتمىش ژىل ۋە ئىجادىي پائالىيىتىگە ئەللىك ژىل تولۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن سەنئەتكارنىڭ ئىجادىي كېچىسى بولۇپ ئۆتتى. كەچكە ئالمۇتا شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مەھەللەردە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ئاتاقلىق ناخشىچىنىڭ مۇخلىسلىرى، ئۇيغۇر ناھىيەسىدىن، چېلەك تەۋەسىدىن، ياركەنت ۋە باشقا جايلاردىن كەلگەن مېھمانلار، شۇنداقلا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ سەنئەتكارلىرى ئىشتىراك قىلدى.

ژۇرەكلەرنى تەۋرىتىدىغان مۇڭلۇق ناخشىلار، شوخ ئۇسسۇل، سازلار بىلەن داۋام قىلغان كەچتە يۇبىليەرنى تەبرىكلەپ سوزگە چىققان مەدەنىيەت دېپارتامېنتى مۇزىكا سەنئىتى بولۇمىنىڭ باشلىقى تىلېۋغالى قىشقابايېۋ، يازغۇچى مەسىمجان زۇلفىقار، «ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچىسى «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىنىڭ باش مۇھەررىرى يولداش ئازاماتوۋ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى رابىك ئىسمائىلوۋ، مۇختەر ئەۋېزوۋ نامىدىكى دراما تياتىرى كوللېكتىۋى نامىدىن قازاقستاننىڭ خىزمەت كورسەتكەن ئارتىستى راھىلە مەشۇروۋا، يازغۇچى پاتىگۈل سابىتوۋا، ئۇيغۇر ناھىيەلىك مەسلىھەتنىڭ كاتىۋى ئابدۇجېلىل سېيىتوۋ، ئالمۇتا شەھىرى باھارلىق مەھەللىسىنىڭ ژىگىت بېشى ھېبىبۇللام نورۇزوۋ ۋە باشقىلار ئابدىرىم ئەخمەدىينىڭ كوپ مىللەتلىك قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەدەنىيىتىگە قوشقان ۋە ھازىرمۇ قوشۇپ كېلىۋاتقان بىباھا ھەسسىسىنى ئۇلۇغلاپ باھالاپ، ئىللىق ژۇرەك سوزلىرىنى ئىزھار قىلدى.

بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە ئېيتىشقا ئەرزىيدۇكى، ئەخمەدىيلارنىڭ سۇلالىسىدىكى سەنئەتكار بولۇپ يېتىلگەن ئۈچ ئەۋلادىغا قاراپ، ئابدىرىم ئاكا بىلەن ئۇنىڭ ئوماق رەپىقىسى تۇرانقىز ھەدىنى سەنئىتىمىز بېغىدىكى بۈك چىنارغا قىياس قىلىشقا بولىدۇ. ئابدىرىم ئاكا بىلەن تۇرانقىز ھەدە ئەنە شۇ مۇستەھكەم چىنار بولسا، ئۇلارنىڭ ئوغۇل - قىزلىرى بىلەن نەۋرىلىرى شۇ چىنارنىڭ شاخ - بەرگلىرىدۇر.

كەچتە ئابدىرىم ئاكىنىڭ ئىجراسىدىكى دىللارنى تەۋرىتىدىغان مۇڭلۇق ھەم شوخ ناخشىلار ياڭرىدى. ئۇنىڭ ئەزىزلىرى — ئوغۇل — قىزلىرى ھەم نەۋرىلىرىنىڭ ئورۇنلىشىدىكى ناخشا، شېئىرلارنى تاماشىبىنلار تەسىرلىنىپ تىڭشىدى. ئاخىرىدا سەھنىلىك ئۇستازى ئابدىرىم ئەخمەدىينى مۇبارەك تويى بىلەن تەبرىكلەپ، نۇۋەتمۇ — نۇۋەت ناخشا ئېيتىپ، شوخ، ئەۋرىشىم ئۇسسۇللارنى ئىجرا قىلىپ، كەچكە بولەكچىلا بىر شادىيانىلىق بەخش ئەتكەندەك بولدى.

ئۇ ھەقىقەتەنمۇ سوز زەرگارى

«ئوز خەلقى ئەزىزلەيدىغان، مىڭلىغان كىتابخانلار قەدىرلەيدىغان يازغۇچى بولۇش «ئىگنە بىلەن قۇدۇق قازغاندەك» ئاسانغا چۈشمەيدىغان ئىش» دەپ بىكار ئېيتىلمىسا كېرەك. ئەينە شۇنداق يازغۇچىلار كىچىك ھېكايىلەردىن باشلاپ چوڭ روماللارنى يېزىپ، ئوز مۇخلىسلىرىغا تەقدىم قىلىنغىچە بىر ئىلتىماس ... ئۇلارنىڭ بەدىئىلىقتا ئۇتۇقلۇق ... كەن: «يازغۇچى بولۇش، ئوزىنى ئازابلاپ ئوتكىلەرگە راھەت بېغىشلاشتۇر».

ئۇتكەن دۈشەنبە كۈنى قازاقستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ مەجلىسلەر زالىدا ئوز خەلقىنىڭ سويۈملۈك يازغۇچىسىغا ئايلانغان ئىستىدات ئىگىسى يۈسۈپ ئىلياس تەۋەللۇدىنىڭ 70 ژىللىغىغا بېغىشلانغان تەنتەنىلىك كەچ بولۇپ ئۆتتى. تەنتەنىلىك كەچكە يازغۇچى مەسىمجان زۇلفىقار رىياسەتچىلىك قىلدى.

قازاقستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ كاتىۋى تېمىرقان مىدىتبېكوۋ كورنەكلىك ئۇيغۇر يازغۇچىسىنى تەۋەللۇدىنىڭ 70 ژىللىغى بىلەن سەمىمىي تەبرىكلەپ، ئىللىق ژۈرەك سوزلىرىنى ئىزھار قىلدى ۋە يازغۇچىغا كورسىتىلگەن ھورمەت يۈزىسىدىن يۈسۈپ ئىلياسقا ئىتتىپاق نامىدىن تون كىيگۈزدى.

ئاندىن يازغۇچىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدە دوكلاد بىلەن شائىر دولقۇن ياسىن سوزگە چىقتى. دوكلادچى يۈسۈپ ئىلياسنىڭ كىتابخانلارغا بەدىئىلىكى ژۇقۇرى، خەلقىمىز تۇرمۇشىنىڭ ھەقىقىي ئىپادىسى بولغان ھېكايە - پوۋېستلار توپلاملىرى بىلەن رومانىنى تەقدىم قىلغانلىقىنى، بۇ ئەسەرلەر كىتابخانلارنىڭ مەنىۋىي بايلىقىغا ئايلانغانلىقىنى ئالاھىدە ئاتاپ ئوتتى ۋە يۈسۈپ ئىلياسقا ئوخشاش ئۇستازى بىلەن ھەقلىق يوسۇندا پەخىرلىنىدىغانلىقىنى قەيت قىلدى.

ئاندىن سوزگە چىققان «ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچىسى «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىنىڭ باش مۇھەررىرى يولداش ئازاماتوۋ،

ئۇرۇش ۋە ئەمگەك ۋېتېرانى، پۇبلىتسىست ئابدۇمېجىت روزىباقىيېۋ، جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى رابىك ئىسمائىلوۋ، ئالمۇتا شەھەرلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى رەخمجان قاسىموۋ، يازغۇچى ئىستىقامەت قىلىۋاتقان كورنىي كىگانت جامائىتى نامىدىن مېدېۋ ناھىيەلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ رەئىسى ئابدۇۋەلى سابىتوۋ ۋە باشقىلار يۈسۈپ ئىلياسنى مۇبارەك تويى بىلەن تەبرىكلەپ، ئۇنىڭغا سالامەتلىك، ئىجادىي ئۇتۇقلار تىلەشتى.

تەنتەنىلىك كەچتە سوزگە چىققان قازاقستان خەلق يازغۇچىسى زىيا سەمەدىي يۈسۈپ ئىلياسنىڭ ئىجادىيەت يولىنى تولۇق بەلگۈلەپ ئالغان تەجرىبىسى مول، ئىلھام قۇۋۋىتى پىشىپ يېتىلگەن سالماقلىق ۋە سالاپەتلىك ئەدىپ ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ تارىخىمىزغا بېغىشلانغان پروزىلىق - نەسرىي ئەسەرلىرى ئەدەبىيات غەزىنىسىنىڭ تورىدىن ئورۇن ئالغان مۇناسىپ ھورمەتلىك ئورۇننى ئىگەللەيدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە يازغۇچىنىڭ يەنە ياخشى ئەسەرلەرنى يارىتىشىغا تىلەك بىلدۈردى.

فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ دوكتورى تۇغلۇقجان تالىپوۋ يازغۇچىنىڭ ھەر بىر ئەسىرى مەزمۇن جەھەتتىن ئۇستۇنلۇكى، بەدىئىي جەھەتتىن مۇكەممەللىكى بىلەن ئوقۇغۇچىلىرىنى قايىل قىلىدىغانلىقىنى، يۈسۈپ ئىلياسنىڭ ھەقىقەتەنمۇ سوز زەرگارى ئىكەنلىكىنى پەخىرلىنىش بىلەن ئېيتتى.

كوڭۇللۇك ئوتكەن تەنتەنىلىك كەچتە تالغىر ناھىيەسى كالىنىن يېزىسىدىكى 31 - ئوتتۇرا مەكتەپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى تەييارلىغان شېرلار ۋە قازاقستان خەلق ئارتىستى گۈلنۇرا رازىيېۋا، ناخشىچى تۇلۇناي ئەيياروۋا بىلەن سازەندە تومۇر رازىيېۋ ئىجراسىدىكى ناخشا - سازلار ياڭرىدى.

***

يۇبىلېي ھارپىسىدا يازغۇچى يۈسۈپ ئىلياس بىلەن كورنىي كىگانت ۋە كالىنىن يېزىسىدىكى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ھەم جامائەتچىلىك بىلەن ئۇچرىشىشلار ئوتكۈزۈلدى.

ئالىمجان باۋدىنوۋ.

سۈرەتتە: كالىنىن يېزىسىدىكى 31 - مەكتەپتە يازغۇچى بىلەن ئۇچرىشىشتىن كورۇنۇش. (سولدىن ئۈچىنچى ي. ئىلياس).
پ. ئەخمەتوۋ ۋە ئو. قۇربانتىيازوۋ چۈشەرگەن سۈرەتلەر.

بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىگە كەڭ تونۇلغان ئالىم كوممۇنار تالىپ ئوغلىنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق پەنىگە كېلىش يولى ھەققىدە ئېيتقاندا، ئۇ ئانچە ئەگىر - تو-

ئىلىم مۇھتىغا غۇلاچ تاشلاپ

(ئالىم كوممۇنار تالىپوۋ — 50 ياشتا)

قاي يوللارنى باسقىنى يوق.

1964 - ژىلى ئۇيغۇر ناھىيەسى كىچىك دېخان يېزىسىنىڭ ئوتتۇرا مەكتىۋىنى كۈمۈچ مېدال بىلەن تۈگەتكەن كوممۇنار بىر ژىل كولخوزدا ئىشلەپ، ئاندىن س. م. كىروۋ نامىدىكى قازاق دولەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىلوسوفىيە - ئىقتىسات فاكۇلتېتىغا چۈشتى. ئۇنى 1970 - ژىلى تاماملاپ، قازاقستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى فىلوسوفىيە ۋە ھوقۇق ئىنستىتۇتىدا ئىشلەشكە كەلدى. كوممۇنار 1979 - ژىلى ۋ. م. مېژۇيېۋ، ۋ. ئا. چېرنياكلار رەھبەرلىكىدە فىلوسوفىيە پەنلىرىنىڭ نامزىتى ئۇنۋانىنى ئېلىش ئۈچۈن «سوتسىيالىزم شارائىتىدىكى سىياسەت ۋە ئىلىم» دېگەن ماۋزۇدا دىسسېرتاتسىيە ياقلىدى. ياش ئالىم بۇ مۇۋاپپەقىيەتتىن ئىلھاملىنىپ، كوپ ئىزدىنىپ، ئىشلەپ، ئالدىكى داۋانلارغا ئورلەشكە كۈچ سالدى. 1982 - ژىلى بولسا، چوڭ ئىلمىي خادىم دەرىجىسىگە كوتىرىلدى.

1986 - ژىلى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىدا چوڭ بىر خۇشاللىق بولۇپ، مەرھۇم غوجاخمەت سادۋاقاسوۋ تەرىپىدىن ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتى ئېچىلدى.

مەزكۇر ئىنستىتۇتنىڭ شۇ چاغدىكى رەھبەرلىرىدىن ئاكادېمىك غ. ئابدىلدىن كوممۇنار تالىپ ئوغلىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇش، باشقۇرۇش ئىشلىرىدا قابىلىيەتلىك ئىكەنلىگىنى بايقىغانلىقتىن، ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتى دىرېكتورىنىڭ ئورۇنباسارلىغىغا تەۋسىيە قىلدى. 1988 - ژىلى كوممۇنار تالىپ ئوغلى ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتىگە 6 ئايلىق ستاژىروۋكىغا (تەجرىبە ئالماشتۇرۇشقا) باردى. بۇ سەپىرىدە ئالىم پەقەت تىل ئۈگىنىشىلا ئەمەس، شۇنداقلاش ئۇ ئار تەۋەسىدىكى ۋەتەنداشلار ھاياتى، ئۇيەردىكى ئالىملار بىلەن يېقىندىن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە مۇيەسسەر بولدى.

كوممۇنار تالىپ ئوغلى 1992 - ژىلى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ دىرېكتورى بولۇپ تايىنلاندى.

غوجاخمەت سەدۋاقاسوۋ نامىدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتى 1996 - ژىلى مەركەزگە ئايلىنىپ، كوممۇنار تالىپ ئوغلى شۇ مەركەزنىڭ رەھبىرى بولۇپ بەلگۈلەندى.

ئوز خەلقىگە خىزمەت قىلىش ئارزۇيىدىكى بىلەن ئىلمىي ئىشنى رىۋاجلاندۇرۇشنى مەخسەت قىلغان ئالىم 1997 - ژىلىنىڭ باشلىرىدىن بۇيان دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسى ئۈستىدە ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئىلىم مۇھتىغا 70 - ژىلدىن باشلاپ كەلگەن كوممۇنار تالىپ بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ئوندىن ئوشۇق ئىلمىي مونوگرافىيە، كوپلىگەن ئىلمىي ماقالىلارنى نەشىر قىلدى.



كوممۇنار تالىپ ئوغلى ھاياتتىكى، ئىلىم - پەندىكى مۇقەددەس بورچىنى ئادا قىلغان ئىنسانلارنىڭ ۋە بەختلىك ئاتىلارنىڭ بىرى. پەرزەنتلىرىنى چوڭ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئالىي بىلىم ئېلىشىغا شەرت - شارائىت يارىتىپ بەردى.

غ. سەدۋاقاسوۋ نامىدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق مەركىزىنىڭ كوللېكتىۋى كوممۇنار تالىپ ئوغلىغا تەۋەللۇدىنىڭ 50 ژىللىغى مۇناسىۋىتى بىلەن تەن ساقلىق، ھاياتىغا خاتىرجەملىك، ئىلمىي ئىشىغا مۇۋاپپەقىيەت تىلەيدۇ. كەمتەر تەبىئەتلىك، خۇش پېئىل، ئىلىم - مەرىپەتنى دوست تۇتقان قەدىرلىك ئىنسانغا، ئالدىڭىزدىكى كۈنلىرىڭىز تېخىمۇ مەنا - مەزمۇنلۇق بولغاي — دەيمىز.

گۈلبەھرەم مولۇتوۋا،
غ. سەدۋاقاسوۋ نامىدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق مەركىزى ئەدەبىيات بولۇمىنىڭ چوڭ ئىلمىي خادىمى، فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ نامزىتى.

ئۇنىڭ قوشقان ھەسسىسى زور

ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىلمىنىڭ كېيىنكى ژىللاردىكى تەرەققىياتى قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى ئالمۇتا شەھىرىدە تەشكىل قىلىنغان ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ پائالىيىتىگە باغلىق بولدى. ئۇنىڭغا بىر نەچچە ژىللار رەھبەرلىك قىلغان كورنەكلىك ئالىم كوممۇنار تالىپوۋ مەزكۇر ئىنستىتۇتنىڭ ئىشىنى مۇۋاپپەقىيەتلىك يولغا قويۇشتا كوپلىگەن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ بۇ مۇشكۇل ۋە شەرەپلىك ئىشنىڭ ھوددىسىدىن لاياقەتلىك چىقىپ ژۈردى. بۇ لاۋازىمنى ئۈستىگە ئالغان كوممۇنار تالىپوۋ ئوزى ئىشلەپ كېلىۋاتقان قازاقستان پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ فىلوسوفىيە ۋە ھوقۇق ئىنستىتۇتىدىكى ئىستىقباللىق ئىشى ۋە كېلەچەكتە جۇمھۇرىيەتتىكى كورنەكلىك فىلوسوف ئالىملارنىڭ قاتارىدا بولۇش ئەۋزەللىكىدىن كورە، تەكلىپكە بىنائەن ئۇيغۇرشۇناسلىق پەنىنى يېڭى باسقۇچتا تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئوزىنىڭ رازىلىغىنى بىلدۈرۈپ، ئىنستىتۇت دىرېكتورىنىڭ ئورۇنباسارى، كېيىنرەك دىرېكتور ۋە جەمئىيەتلىك ئىشلاردا مەسئۇلىيەتلىك ۋەزىپىلەرنى ئاتقۇرۇپ كەلدى.

ئىش جەريانىدا ئۇ ئوزىنىڭ چوڭقۇر نەزەرىيىۋى بىلىمگە، باشقۇرۇش قابىلىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىگىنى كورسەتتى. شۇ ژىللاردا بولۇم خادىملىرى ئىچكى مەنبەلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي موسكۋا، بېجىن، ئىستامبۇل ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەر خىل جايلىرىدا ئىلمىي - ئىجادىي كوماندىروۋكىلاردا بولۇپ، ئالغان ئەمەلىي تەسىراتلىرىنى ۋە سېلىشتۇرمىلارنى ئىلمىي تەتقىقات قىلىشتى. ئۇ رەھبەرلىك قىلغان بولۇم خادىملىرىدىن ئالتە - يەتتە ژىل مابەينىدە ئىككى پەن نامزاتى ۋە بىر پەن دوكتورى يېتىشىپ چىقتى.

كوممۇنار تالىپوۋ پەقەت تالانتلىق ئالىم سۈپىتىدىلا ئەمەس، باشقۇرۇش قابىلىيىتىنىڭ ژۇقۇرىلىغى، ئىنستىتۇت خادىملىرىغا بولغان غەمخورلۇغى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجى ۋە ئىلمىي ئىشلىرىغا يولەكچىلىك قىلىدىغان خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىق كوللېكتىۋ ھورمىتىگە ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ياش كادرلارنى تەييارلاشتا ۋە ئۇلارغا بولغان تەلەپچانلىق يۈزىسىدىن ئىشلەش سۈرئىتىگە تەسىر قىلاتتى. بىز ئۇنىڭ شاھىدى بولۇپ ژۈردۇق. ئىستىداتلىق ۋە كەمتەر ئالىم كوممۇنار تالىپوۋنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئىلمىي سالاھادا كورنەكلىك پەن ئەرباپلىرىدىن بولۇپ قالىدىغانلىغىغا ئىشەنچىمىز كامىل.

ھاجەكبەر ئابدۇماساروۋ،
زائۇر جەلىلوۋ،
ۋىكتور كوۋونوكوۋ،
كونستانتىن سروۋكىن.

(ژۇرنالىست، ئەدىپ ئېرنىست ئىسلاموۋ- 60 ياشتا)

ھەۋەستىن باشلانغان ئېتىقات



50 - ژىللاردىن ئېتىۋارەن نامى مەتبۇئاتىمىز ساھالىرىدا كۆرۈنۈشكە باشلىغان ژۇرنالىست، يازغۇچى ئېرنىست (ئەركىن) ئىسلاموۋ ھاياتىنىڭ 60 داۋانىنى بېسىپ ئۆتكىنىچە بولغان ئارىلىقتا بۇ ساھادا تىلغا ئېلىشقا ئەرزىگىدەك ئەمگەك ئەجرىنى سىڭدۈرگەن قەلەم ساھىپلىرىمىزنىڭ بىرى. 1937 - ژىلى ئۇيغۇر ناھىيەسىنىڭ كەتمەن يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن ئېرنىستنىڭ ئاتىسى زايىت ئاكا باش چېقىنىللا كولخوز قۇرۇلۇشىغا جان دىلى بىلەن كىرىشىپ، ئارىدا ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىنىڭ مەيدانلىرىدا ئېلىمىزنى فاشىزمدىن ساقلاپ قېلىش جەڭلىرىگە قاتناشقان، ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئېغىرلىقلارنى ئىكىلەشتە جاپاغا كەرلىك خىزمەتلەردە بار كۈچ - غەيرىتىنى سەرىپ قىلىپ، ھاياتتىن ئۆتكەن كىشى.

بالىلىق دەۋرى ئۇرۇش ژىللىرىغا توغرا كەلگەن ئاۋ تەلەي كۆرگەنلەر قاتارىدا ئېرنىستمۇ مەكتەپكە كىرگەندە چۈشكىچە ئوقۇپ، ئاندىن كەچ كىرگىچە ئېتىزلىقلاردا ھەرخىل ئىشلارنى ئاتقۇرۇپ ژۈرۈپ ئەر يەتتى. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئۇ ئەتراپىدا بولۇۋاتقان ۋەقەلەرنى، ئادەملەرنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرىنى، ئۇلارنىڭ خوشاللىقلىرى، غەم - تەشۋىشلىرىنى بالىلىق ھەس - تۇيغۇلىرى ئارقىلىق سىنچىلاپ بايقاپ ئەقلىگە سىڭدۈردى. شۇڭلاشقىمۇ مەكتەپتە ئوقۇپ ژۈرگەن چاغلىرىدىلا خەۋەر - ماقالىلىرىنى ناھىيەلىك گېزىتتە [illegible]

[illegible]

لى ئەزمىي ئەسەرلىرىدە بولسۇن ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرت مەنزىرىلىرى،

تۇزگۇسىز قىينىچىلىقتا بىردە ئاچ، بىردە توق ئۆتكەن بالىلىق دەۋرى، ئۇرۇش ژىللىرىدىكى جۇلمەرىكەن يېزا، ھەر قانداق ئېغىر شارائىتتا پارلاق كېلەچەككە بولغان ئۈمۈت ئوتىنى ئۆچەرمەي كۈچ - غەيرىتىنى سەرىپ قىلىشقا تەييار يۇرتداشلىرىنىڭ سىمالىرى يارقىن ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا شائىر ئۇلارنىڭ شىجائىتى،پىداكارلىقى، مەرتلىكى ۋە سېخىلىقى ئالدىدا باش ئېگىپ، پەخىرلىنىش تۇيغۇلىرىنى ئىپادە قىلىدۇ.

شائىرنىڭ نەزمىي ئەسەرلىرى توغرىلىق سۆزلىگەندە، ئۇنىڭ ماۋزۇ دائىرىسىنىڭمۇ خېلەكەڭلىكى ۋە يۇرتىنىڭ ئادەملىرى توغرىلىق كۆيلەش ئارقىلىق پۈتكۈل خەلقىمىزنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئېغىرچىلىقلارنى، تارتقان كۈلپەتلىرىنى بايانلاشقا تىرىشقانلىقىنى سېزىمىز. «ئىلى دەرياسى»، «چېلەك تەۋەسىدە»، «يۇرتداشلار»، «يالغۇز قارىغاي» ۋە باشقىمۇ شېئىرلىرىدا شائىر ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئاجرالماس مۇناسىۋەتلىرىنى كۈيلەيدۇ،ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى مەڭگۈلۈك بىرلىكنى،ھاياتلىقنىڭ مەزمۇنى دەپ ئوروۇنلۇق خۇلاسە چىقىرىدۇ. بۇ يەردە شائىرنىڭ تەسۋىرلەش ماھارىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنىمۇ ئالاھىدە قەيت قىلىش ئورۇنلۇق.

تاۋلىنىپ كوزلەرنى چاقىدۇ،
چېلەكتە باھارنىڭ گۈللىرى.
دەرياسى ئوركەشلەپ ئاقىدۇ،
ئىتىزغا باشلايدۇ يوللىرى.

نەزمىي ئەسەرلىرى قاتارىدا شائىر بىر نەچچە باللادىلارنىمۇ ياراتتى. ئۇلار ئاساسەن ئانا ۋە تەنىنىڭ تەغدىرىگە ھەم خەلقىمىز ئارىسىدىن چىققان ئاتاقلىق شەخسلەر، ئەدىپلەر خاتىرىسىگە بېغىشلانغان.شۇنىڭدەك شائىرنىڭ باللارغا بېغىشلانغان شېئىرلىرىنىڭمۇ تەربىيەۋىي ئەھمىيىتىنىڭ

چوڭقۇرلىقىنى، ئۇلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكلىرىگە ئېتىۋارەن ئاددىي تىلدا، چۈشىنىشلىك يېزىلغانلىقىنى ئېيتقان ئورۇنلۇق.

ئې. ئىسلاموۋنىڭ ئىجادىيىتىدە نەسرى ئەسەرلىرىنىڭ سالمىقى دەسلەپتىلا بۇ ساھادىكى ئىجادىيەت سىپىدە كۆرۈنگەن 60- 70- ژىللارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ بىر مۇنچە ھېكايىلىرى ئۇمۇمىي توپلاملارغا كىرگۈزۈلگەن. «كۈتۈلمىگەن ئۇچرىشىش»، «ساداقەت» ناملىق ئوچېرك ۋە ھېكايىلار توپلاملىرىدىن كېيىن «ئانا يۇرت پەخرى» ناملىق ھوججەتلىك قىسسى ۋۇجۇتقا كەلدى. ئۇنىڭدا ئاتاقلىق ئالىم تۇغلۇقجان تالىپوۋنىڭ ئائىلىسى ئارقىلىق پۈتكۈل كەتمەن يېزىسىنىڭ ئۆتمۈشى،ئۇنىڭ داڭلىق ئادەملىرى كەڭ تەسۋىرلەنگەن.

يازغۇچىنىڭ ئەشۇ بالىلىق چاغلىرىدىلا ياش قەلبىنى تەۋرىتىپ كەلگەن، ئاخىرى كەڭ كىتاپخانلارغا تەغدىم قىلىپ، شۇئارلىق ئىجادىيەت داۋانلىرىنىڭ بىرىدىن ئۆتۈشكە يول ئېچىپ بەرگەن ھەم كۆپچىلىككە تونۇتقان «پەلەك گەردىشى» رومانى بولدى. ئۇزاق ژىللارنىڭ مەھسۇلى بولغان بۇ ئەسەر كەڭ پىلانلىق، كەسكىن، چىگىش ۋاقىئەلەرگە،توقۇنۇشلارغا قۇرۇلغان. ئەسلىدە بۇ يازغۇچىنىڭ شەخسى ھاياتىدىن ئېلىنغان سيۇژىت بولسىمۇ، ئۇرۇش ژىللىرىدىكى ھەر قانداق ئۇيغۇر يېزىسىغا مەنسۇپ ھايات. چۈنكى ئۇنىڭدىكى مىللىي تۇرمۇش ۋە خاراكتېرلار شۇنداق دېيىشكە ئاساس بېرىدۇ. ئەسەرنى ئوقۇشقا باشلايدىكەنمىز، ئۇنىڭدا بىردىنلا شۇ دەۋردىكى ھايات، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش تەرىزى، كولخوزچىلارنىڭ جاپاكەش ئەمگىكى، قوسىغى تويغانىنىلا چوڭ بەخت دەپ چۈشىنىدىغان ئاددىي - ساددىي دېخانلار كۆز ئالدىمىزغا كەۋدىلىنىدۇ. ئۇ-

لارنىڭ موشۇ كىچىكىنە خوشاللىقىمۇ ناھەق تەقىپلەش، ئاندىن ئۇلۇق ۋەتەن ئۇرۇشىنىڭ باشلىنىشى بىلەن قايغۇ- ھەسرەتكە ئالمىشىدۇ. روماندىكى كولخوز رەئىسى مەرۇپ،بىرىگادىر بارات، ئەرلەرنىڭ ئورنىنى بېسىپ يازلىقى ئېتىزدا ئىشلەسە، قىشلىقى تاغدىن ئوتۇن توشۇپ باللىرىنى ئاچارچىلىقتىن، قىشنىڭ سوغلىرىدىن ساقلاپ قالغان ھالىۋۆى، خۇرشىدەم ئوخشاشلار ھەققەتەن شۇ دەۋردىكى جاسارەت ئىگىلىرى.

ھايات تەجرىبىسى مولىيىپ، ئىجادىي ماھارىتى ئوسۇپ يېتىلگەن ئې. ئىسلاموۋ كېيىنكى ژىللاردا ئۇنۇملۇك ئىجات قىلىشقا باشلىدى. بۇ، ئەلۋەتتە، جەمىيىتىمىزدە دېموكراتىيەلىك ئۆزگۈرۈم ئورنىتىلىپ، ئەدەبىياتمۇ ئىلگەركى شەكىلۋازلىقتىن، سوتسىيالىستىك رېالىزم ئاتالمىش قېلىپتىن قۇتۇلۇپ، سۆز، پىكىر ئەركىنلىكى يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. شۇ مۇمكىنچىلىككە يارىشا ئې. ئىسلاموۋ ئەدەبىيلىكتە بەد-

ىي ئەسەرلىرىنى بىردىن كېيىن بىرىنى يورۇققا چىقىرىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ بىر مۇنچىلىرى رۇس تىلىغىمۇ تەرجىمە قىلىنغان.

يازغۇچىنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا نەشىر قىلىنغان «ژىغلىماڭ ئانا»، «ئۇيغۇرغۇ بىز» «يە ئولۇم، يە كورۇم» ئوخشاش رومان ئېسسىلىرى، تۈركۈم - تۈركۈم شېئىرلىرىدا ئەدىپ ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن، بىۋاستە شاھىدى بولغان ياكى ئاڭلىغان- كۆرگەن ۋاقىئە، تەپسىلاتلىرىنى ئەينى بېتىچە بېرىشكە تىرىشىدۇ. بۇ ھالەت ئىلگەركى ھاياتىمىزنىڭ كولەڭگۈلىرىنى ئېنىق كۆرۈشكە، ھادىسە - ۋاقىئەلەرگە يېڭىچە كۆز بىلەن قاراپ، تېگىشلىك باھا بېرىشكە ئوقۇغۇچىسىنى دەۋەت قىلىدۇ. يازغۇچى موشۇ پرىنسىپ ئارقىلىق كىمنىڭ ئەسلىدە كىم بولغانلىقىنى،ئۇنىڭ پائالىيىتىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ كۆرسىتىدۇ. يازغۇچىنىڭ خەلقىمىزگە خالىس خىزمەت قىلىپ، ئادىل ھايات كەچۈرگەن شەخسلەر، خەلقىمىزگە تونۇلغان ئەدىبلەر ھېزىم ئىسكەندەروۋ، ھېزمەت ئابدۇللىن، مالىك كىبىروۋ،نىليابەختىيا، ئاۋۇت ساتتاروۋ ۋە باشقىلار توغرىلىق يازغان ئېسسىلىرى چوڭقۇر ھورمەت، چەكسىز مىننەتدارلىق تۇيغۇلىرى بىلەن سۇغۇرۇلغان.

ئې. ئىسلاموۋ ئىجادىي پائالىيىتىدە خەلق ئىچىدىن چىققان ئاتالغان سازەندە ئىزامدۇن ئىبدىمىنوۋ بىلەن ھەمكارلىقتا ئوندىن ئوشۇق ناخشىلارنى ياراتتى. ئۇلار خەلق ئارىسىغا كەڭ تارىلىپ كەتتى. بىر نەچچە ناخشىلىرى ش ئۇ ئاردىكى ئاتاقلىق ئارتىستلار رېپېرتۇئارىدىنمۇ ئورۇن ئېلىپ، ئۇراقلىق ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

ئىجاتكار ئۈچۈن كامالەتكە تولغان، ماھارەت چوققىلىرىغا قەددەم باسقان، كامالەت يېشىغا يەتكەن ئېرنىست ئىسلاموۋنىڭ كېلەچەكتە يازىدىغان ئەسەرلىرى يەنىمۇ ئۇرغۇن. يازغۇچىنى 60 ياشلىق تەۋەللۇدى بىلەن قىزغىن تەبرىكلەپ، ئوۋەتىكى مەخسەت - ئويلىرىنى روياپقا چىقىرىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا سالامەتلىك ۋە ئىجادىي ئۇتۇقلار تىلەيمىز.

ئىلاخۇن جەلىلوۋ،
قازاقستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى.
ئالمۇتا شەھىرى.

ئىجادىي ئۇتۇقلار تىلەيمىز

ئەركىن ئىسلاموۋ ناھايىتى تىرىشچان، ئەمگەكچان ۋە قابىلىيەتلىك ئەدىپتۇر. ئۇنىڭ بىر قانچە رومان، پوۋېستلىرى ۋە شېئىرىي توپلاملىرى نەشىر قىلىنغان. ئۇلار كىتاپخانلار تەرىپىدىن مۇناسىپ قارشى ئېلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. يازغۇچىنىڭ قىزغىن ئىجادىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقانلىقىغا ئۇنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا بىرىدىن كېيىن بىرى يورۇق كۆرگەن ئەسەرلىرى گۇۋالىق قىلىدۇ.

بىز ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى تەھلىل قىلىپ، تېگىشلىك باھا بېرىشنى مەخسەت قىلمىدۇق. بۇنى ئەدەبىي تەنقىتچىلەر، كىتاپخانلار زىممىسىگە قالدۇرىمىز. بۈگۈن يازغۇچى ئىنىمىزنىڭ 60 ياشلىق تەۋەللۇدى نىشانلىنىۋاتقان خوشاللىق كۈنلەردە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىگە چوڭ ئۇتۇقلار تىلەپ، دەۋىر روھىنى ئەكس ئېتتىدىغان يېڭى - يېڭى ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يازىۋەرسۇن دېمەكچىمىز.

رىشات سابىتوۋ،
فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ نامزىتى.

مىرغىياس سىمەتوۋ

يېڭى شېئىرلار

ئاغرىقنى يوشۇرساڭ

ئوتتۇنۇشۇم، قۇلاق سېلىپ سوزۇمگە،
تىكلىنىپ، تۈز قاراپ تۇرۇپ كوزۇمگە،
ئېيتماستىن، ئېيتماستىن، بارنى نەق
ئېيتىڭلارا، كىملىكىمنى ئۆزۈمگە.

ئاغا بەلكى ئۆيراپ، تۆكەپ كەتمەسمەن،
دېمىسەمما ئۇنى پەرىق ئەتمەسمەن.
ئاشۇرۇۋېتىش، كېمىتىشتىن بەرىبىر،
ھەقىقەتسىز دېگىنىمگە يەتمەسمەن.

كامچىلىقىم بولسا، قاتتىق ئېيتىڭلار،
راس - يالغاننىڭ تۈۋىگىچە يېتىڭلار.
قىلىقلىرى ئەقلىگە ھېچ سىغماسقا،
مېھرىڭلارنى قايرىپ قويۇپ تېتىڭلار!

مەدھىلەشتىن يامان ياخشى بولمايدۇ،
تەنقىتلەشتىن ياخشى يامان بولمايدۇ.
ئاق قارىنى ھەغداتىغا يېتىپ، قاق -
ئاجراتمىسا كوڭۇل ھەرگىز تولمايدۇ.

باھالسۇن خالىسا نە تۇرغانلار،
مەن دېيىشىپ مەيدىسگە ئۇرغانلار.
كوز بوياشلار ئاخىر يېتىپ بېشىغا،
كوكلىمەس بوپ يىلتىزىدىن قۇرىغانلار...

كۆنلەر ئۆتەر

كۆنلەر ئۆتەر تىزلىشىپ، توختىماستىن،
تۆگۈنكى كۆن بۈگۈنگە ئوخشىماستىن.
ئاخىرقى دەم قالغىچىلا بارلىق جاندا،
تىرىشىش ھەم ئىلگىرىلەش سوخچىماستىن.

كۆنلەر ئۆتەر كۆلدەر كۆزۈپ، ژىغلاتقۇزۇپ،
ئادەملەرنىڭ ياخشىلىرىن ئىلغاتقۇزۇپ.
كۆنلەر ئۆتەر ياخشىلارغا، يامانلارغا،
ئانا يەرنى گۈللەتكۈزۈپ، تىلغاتقۇزۇپ.

بىر - بىرىگە باغلاشتۇرۇپ بارلىقنى،
كۆنلەر ئۆتەر ئاراش قويماي ئارلىقنى.
ئاشكارە قىپ ئادەمدىكى كەڭ كوڭۈللەر،
ئاق كوڭۈللەر، قارا يەنە تارلىقنى.

كۆنلەر ئۆتەر ئاتلاندۇرۇپ يولغا ژىراق،
مەنزىلگە يېتىپ كىمدۇ، يەتمەس بىراق.

ھاياتلىق ھەم ماماتلىقنىڭ رەمزى بولغان
ئۆتكۆزۈلۈپ تۇرارتوي ھەم نەزىر- چىراق.

كۆنلەر ئۆتەر بىرىمىزنى ئويلاندۇرۇپ،
شاتلاندۇرۇپ گاھىدا ئۇ مۇڭلاندۇرۇپ.
ياشاش چەكلىك ئىكەنلىكىن ئارمان ئارا،
خام سۈت ئەمگەن بەندىلەرگە تەن ئالدۇرۇپ.

شائىرلارنى ئوخشىتىش

شائىر - يازغان شېئىرىغا ئوخشايدۇ،
بىردەكۈلۈپ، بىردە ژىغلاپ - قاخشايدۇ.
ھاياتنىڭ تورت پەسلى بولۇپ ئىجادى،
پەسىللەرنىڭ باھارىدەك ياشنايدۇ.

چوققىسىدا مۇز - قارى بار بىر تاغ،
كىرسەڭ، چىققۇڭ كەلمەيدىغان چارى باغ
ئوتى لاۋلاپ كويۇپ تۇرغان ژۇرەكتە،
ھاياتنىڭ ئەڭگوزەل دەۋرى ياشلىق چاغ.

ئۇلار ئاشىق - مەشۇقلاردۇر كويۇشكەن،
قۇچاغلىشىپ،ئاۋاتلەۋدىن سۇ ئىچكەن.
ئولۇككە جان، تىرىككە قان بېرەر ئۇ،
قايغۇنىما، شاتلىقنىما بولۇشكەن.

ئۇ خەلقنىڭ جار سالغان زىل ئۈنىدۇر،
ئېيتىۋاتقان تېگى، كۈندۈز - تۈنىدۇر.
مىسرالاردا قاراڭغۇنى يورۇتقان،
ئاسماندىكى كۈلۈپ تۇرغان كۈنىدۇر.

شائىر- ئەلنىڭ روشەن كورەر كوزىدۇر،
ھەقىقەتنى جاراڭلاتقان سوزىدۇر.
ئىناقلىققا، چىن دوستلۇققا ئۈندىگەن،
شائىر - ئىنسان ئىچرە يورۇق يۈزىدۇر.



شىپالىق قوللار

كىشىلەر دەردىگە دەرمان بېغىشلىغانغا نېمە يەتسۇن

مەلۇمكى، ئەسىرلەردىن بېرى تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئاڭ-سەۋىيەسىدە قېلىپلىشىپ كەلگەن چۈشەنچىلەرنى يوقاتقىلى بولمايدۇ. كوممۇنىستىك ئېتىقادلار ئىدىيەسى باشقىچە تۇرمۇش تەرزىمىز قاتارىدا ئەنئەنىۋى تىبابەتچىلىك ساھاسىمۇ ئۆزىنىڭ زەردابىنى تەگكۈزمەي قويمىدى. لېكىن زورلاپ تېڭىلغان ئەينە شۇ تۈزۈمنىڭ ھالاكىتى بىلەن يەنىلا شۇ قەدىمدىن كېلىۋاتقان داۋالاش ئۇسۇللىرى يولغا قويۇلماقتا.

شۇنىمۇ قەيت قىلىش ھاجەتكى، پاقىرغانىنىڭ ھەممىسى ئالتۇن بولاۋەرمەيدىغىنىدەك، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھەقىقىي مەنادا كىشىلەر دەردىگە داۋا تېپىش ئىقتىدارىغا ئىگە تېۋىپلار بىلەن بىر قاتاردا ئۆزلىرىنى ئالدى - كالداك قىلىپ قايمۇقتۇرىدىغان، ئۆزلىرىنى ئېكستراسېنس، شىپالىقتا قۇدرەت كاملىتى بىلەن غايىپنى بىلىمەن دەپ داۋراڭ سېلىپ شەرھىلەيدىغان ياسالما تېۋىپلار كۆپىيىپ كەتتى. ئەلۋەتتە، ھىيلە - نەيرەڭ بىلەن ئاسان پۇل تېپىشنىڭ كويىغا كىرگەن ئۇنداقلارنىڭ كويىغا كىرگەندىن ئۇنى ئەمەس، ئۆزگىلەرنىڭ تېنىدىكى دەردىنى ئۆزگەرتىشكە قولى يەتمەيدۇ. لېكىن شىپالىق قول ئىگىلىرى كىشىلەرنىڭ مىننەتدارلىقىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە. مانا شۇ ئىنساپلىق تېۋىپلار قاتارىدا ئابدۇۋاسىل تۇرغۇن ئوغلى بىمارلارنىڭ دەردىگە دەرمان بېغىشلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىش لازىم. ئۇنىڭ ئىنسانىي پائالىيىتى بىلەن تېپىشلىق تونۇشۇپ چىققىنىمىزدا، بىز ھەقىقىي قابىلىيەتكە قايىل بولدۇق.

ئەسلى قىرغىزستاننىڭ ئوش شەھىرىدە چوڭ دىنىي ئۆلىما ئائىلىسىدە تۇغۇلغان ئابدۇۋاسىل كامالەت پېشىغا توشۇۋاتقان مەزگىلىدە تۇساتتىن ئاغرىققا دۇچار بولدى. نەچچە يىللاپ ئۇنىڭ ھاياتى داۋالىنىش بىلەن ئۆتتى. بۇ دەۋرلەر ئۇنى جۇمھۇرىيەتتىن سىرت موسكۋا، ئودېسسا شەھەرلىرىدىكى چوڭ دوختۇرخانىلارغا ئېلىپ كېلىندى. لېكىن ئۇ يەرلەردىكى مۇتەخەسسىسلىرمۇ ئۇنىڭ ئاغرىقىغا مۇۋاپىق دىئاگنوز قويالمايدۇ. ئاخىرى پەرغانە ۋادىسىدىكى ئاممىغا نامى كەڭ تونۇلغان تېۋىپ ئايال ئاشۇربىبى خانىمغا مۇراجەئەت قىلىنغاندىلا، ئۇنىڭ ئەسەب ئاغرىقىغا دۇچار بولغانلىقىنىڭ سىرى ئېچىلغان ئېدى. نەتىجىدە شىپاكار ئايالنىڭ داۋالىشى بىلەن سەللىمازا ساقىيىپ كەتكەن ئابدۇۋاسىلنىڭ كۆڭلىدە ئۇنىڭ ھەر خىل ئاغرىقلارنى داۋالاش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىش قىزىقىشى ئويغىنىدۇ.

شۇ تەسادىپىلىك ئاقىۋىتىدىمۇ، ياكى ئۇنىڭ جىسمىغا تەبىئەت ئاتا قىلغان داۋالاش خىسلىتىنىڭ ئەندى شۇ باھانە بىلەن يېڭى كورسىتىكىلىگەنمۇ ئابدۇۋاسىل ياشلىقىدىن كۆڭلىدە ئىشتىياق باغلاپ يۈرگەن سەنئەتتىمۇ قول ئۈزۈپ، پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى ئىگىلەپ ئالغان بۇ بىمارلارنى داۋالاش يولىغا قەدەم قويدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت ئوز يارالمىشىدا تېنىدە موۋجۇت بولۇپ، ئەندى روياپقا چىقىشقا باشلىغان بۇ خىل قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش مەخسىتىدە ئۇ قېدىمىي تىبابەتچىلىككە ئائىت كوپلىگەن كىتابلارنى ئوقۇپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماي تېبىبي بىلىم دەرگاھىغا كىرىپ بىلىم ئالىدۇ. بۇ، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ئىككى بىسلىق شىپاكار بولۇپ يېتىلىشىگە مۇمكىنچىلىك ھاسىل قىلغان ئېدى. ئابدۇۋاسىل تۇرغۇن ئوغلى شۇنىڭدىن بېرىقى ئىش پائالىيىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى شەھەر ۋە ۋىلايەت مەركەزلىرىدە مىڭلىغان بىمارلارغا شىپالىق ياردىمىنى كورسىتىپ كەلمەكتە. ئۇ ئاساسەن تېرە (پسورىئاز)، ئەكسەم كېسەللىكلىرىنى، قان بېسىم، ئۆرەك قىسمى، ئاشقازان، ئۈچەي ئاغرىقلىرى، ئاق كېسەل، گېمورويى، باش ئاغرىقى، جىنسىي ئاجىزلىق ۋە باشقا كوپلىگەن ئاغرىقلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك داۋالاپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن تېۋىپنىڭ ھەم زامانىۋىي ھەم قېدىمىي تىبابەتچىلىك تۇرغۇسىدىن قوللىنىدىغان ئۇسۇللىرى خىلمۇ - خىل. ئۇنىڭ داۋالاش بولمىسىدىكى تاغ، دالا، ئىدىرلاردىكى شىپالىق ئۇسۇملۇك، گىيالاردىن ۋىغىپ ئەكىلىپ ياسىغان دورىلىرى، تۇرلۇك ھاشارەتلەر، چەت ئەللەردىن ئېلىنغان دورا - دەرمەكلىرى بىردىن كوزگە چېلىقىدۇ.

— مەن ئىشىمدا «دۇنيادا داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلمەيدىغان نەرسە يوق. لېكىن ئۇلارنى ئېنىق بىلىپ، توغرا ۋە ئەقىل بىلەن داۋالاشقا ئىشلىتىشنى بىلىش كېرەك» دەپ نەسىھەت قالدۇرغان مەشھۇر ھىندى تۇخۇمى ئىيلۇرۇنىدى ۋە ئىبن سىنانىڭ ئۆزىمگە بىر قىلغان، شۇ تۈرفىدىن ئۇلارنىڭ داۋالاش ئۇسۇللىرى، تەجرىبىلىرىنى ئوزلەشتۈرۈشكە تىرىشىپ كەلمەكتە. شۇنداقلا شەرق خەلق تىبابەتچىلىكى، جۇملىدىن تىبەت ئۇسۇلى بىلەن داۋالاشنىڭ سىرلىرىنى ئۆگىنىش مېنىڭ ئاساسىي نىشانىم بولۇۋاتىدۇ. شۇ مەقسەتتە ئۇ تىبەتكە زىيارەت قىلىپ، ئۇ يەرلەردىكى ئۈرۈمچى، غۇلجا، ئاقتۇش شەھەرلىرىدە بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي تىبابەتچىلىك تەجرىبىلىرى بىلەن تونۇشۇپ قايتتى، — دەيدۇ ئۇ ئوز ئىزدىنىشلىرىنى ئىزھار قىلىپ.

ئۇنىڭ قوبۇل قىلىش بولۇمىسىدە سوھبەتلىشىپ ئولتارغىنىمىزدا، دەردىگە دەرمان ئىزدەپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئۇمۇت - ئىشەنچىسى ۋە مىننەتدارلىقىنىڭ شاھىدى بولدۇق. شۇلارنىڭ بىرى - مېھرىبانۇم ئىسىملىق ئايال كوپ يىللاردىن بېرى ھېچ بىر يەردە داۋاسىنى تاپالماي كەلگەن تېرە ئاغرىقىدىن بۇ كىشىنىڭ شىپالىق قوللىرى ئارقىلىقلا ساقايغانلىقىنى ئېيتىپ، تېۋىپقا بولغان رازىمەنلىكىنى ئىزھار قىلدى.

كىشىلەرنى تۇرلۇك كېسەللىكلەردىن ساقىيىپ، ئۇلارنىڭ غەمكىن كوڭۇللىرىنى سەگىتىپ، دەردىگە دەرمان بولغانغا نېمە يەتسۇن. بۇ خەيرلىك ئىشنى كوڭۇل دىكىدەك بەجىرىپ كېلىۋاتقان ئابدۇۋاسىل تۇرغۇن ئوغلى بۇ كۈنلەردە ئالمۇتا شەھىرى 3 - ئاينابۇلاق مىكرورايونى 98 - ئۆيىنىڭ 172 - خانىسىدا ئاغرىقلارنى قوبۇل قىلىۋاتىدۇ.

ساۋۇت ئىسكەندەروۋ.

«ئاخۇنۇم» فوندى قۇرۇلدى

ھورمەتلىك گېزىتخانلارغا كېلەر يىلى قورامغا مۇناسىۋەتلىك يۈز بېرىدىغان بىر - ئىككى سەنئى ئالاھىدە تەكىتلەشنى خالىغان بولار ئېدۇق. 1998 - يىلى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئاتۇ پاجىەسىگە 80 يىل تولىدۇ. شۇنداقلا خەلقىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەندى، مەرىپەتپەرۋەر ئىنسان ساۋۇت ئاخۇنۇمنىڭ تۇغۇلغىنىغا 150 يىل تولىدۇ. بۇ سەنەلەرنى مۇناسىپ ئوتكۈزۈش ئۈچۈن «ئاخۇنۇم» فوندى قۇرۇلدى. قورامىلقلار ۋە شۇنداقلا ساۋۇت ئاخۇنۇمنىڭ شاگىرتلىرى ھەم ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى مۇشۇ مەرەسىملارنى مۇناسىپ ئوتكۈزۈش ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسە قوشىدۇ دەپ ئىشىنىمىز. فوندقا ياردەم بېرىشنى خالىغۇچىلار: ئالمۇتا ۋىلايىتى، ئەمگەكچىقازاق ناھىيەسى، قورام يېزىسى، زارۋات كوچىسى كامىل كەرىموۋقا، توختاخۇن ھوسمانوۋقا مۇراجەئەت قىلسا بولىدۇ.

ئەكرەم سادىروۋ.
قورام يېزىسى، ئالمۇتا ۋىلايىتى.

ئىراق ۋە يېقىن چەت ئەللەردە

ئىبادەتخانىدىكى پاجىئە

دۇشەنبە كۈنى ئەتىگەنلىكى مىسىرنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان لۇكسورى شەھىرىدىكى مەلىكە خاتشېپسۇت ئىبادەتخانىسى ئەتراپىغا ئادەتتىكىدەك چەت ئەل تۇرىستلىرىنىڭ بىرنەچچە توپى يىغىلدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئىبادەتخانىنىڭ كوزەللىكىدىن بەھرىلەنسە، يەنە بىر قىسمى ئېكسكۇرسوۋەدلارنىڭ ھېكايىسىنى تىڭشاۋاتاتتى. موشۇ پەيتتە بۇ يەرگە كېلىپ توختىغان ماشىنىغا ھېچ كىم دىققەت ئاغدۇرمىدى. ئۇنىڭدىن پولتسىيە خىزمەتچىسىنىڭ كىيىمىنى كىيگەن قۇراللىق ئالتە ئادەم چىقىپ، دەسلەپ ئىككى قاراۋۇلنى ئېتىپ ئولتەردى. ئاندىن تۇرىستلارغا قارىتىپ ئوق ئېتىشقا باشلىدى.

ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئىبادەتخانا ئەتراپىدىكى ئويلەردە ياشاۋاتقان يەرلىك تۇرغۇنلىرى قولىغا قۇرال ئېلىپ تالاغا يۈگۈرىشىپ چىقتى. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئوق ئېتىش نەتىجىسىدە ھۇجۇم قىلغانلارنىڭ بىرى ئولتۈرۈلدى. قالغانلىرى ئىبادەتخانا ئەتراپىدىكى تاغلارغا يوشۇرۇنۇشقا ئۈرۈندى. يەرلىك تۇرغۇنلار، شۇنداقلا ياردەمگە ئۈلگۈرۈپ كەلگەن پولتسىيە خىزمەتچىلىرى تېررورىستلارنىڭ ئىزىغا چۈشتى. يېرىم سائاتقا سوزۇلغان ئوق ئېتىش نەتىجىسىدە ھۇجۇم قىلغانلارنىڭ ھەممىسى ئولتۈرۈلدى. ئىچكى ئىشلار مىنىسترلىكىنىڭ مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، قانلىق پاجىئە نەتىجىسىدە 57 چەت ئەل تۇرىستى قازا بولدى. ئۇنىڭ ئىچىدە 43 شۋېيتسارىيە، 10 ياپونىيە، تورت بۇلۇق برىتانىيە تۇرىستى بار. باشقا مەنبەلەرنىڭ خەۋەر قىلىشچە، قازا بولغانلار ئارىسىدا گېرمانىيە، فرانسىيە، ۋە بولغارىيە تۇرىستلىرىمۇ بار. شۇنداقلا ئۈچ مىسىر پولتسىيە خىزمەتچىسى ۋە يەرلىك گىد قازا بولغان. ئون ئالتە تۇرىست ۋە سەككىز مىسىرلىق جاراھەتلەنگەن.

پاجىئە يۈز بەرگەن يەردە جاراھەتلەنگەنلەرگە ياردەم بېرىشنى ۋە قازا بولغانلارنىڭ جەسەدىنى قاھىرگە ئەۋەتىشنى ئۇيۇشتۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن مەملىكەت ئىچكى ئىشلار ۋە سالامەتلىكنى ساقلاش مىنىسترلىرى كەلدى. لۇكسورغا موشۇ مەخسەت ئۈچۈن بىر نەچچە ھەربىي سامالىيوت ئەۋەتىلدى. پاجىئە يۈز بەرگەن يەردە مەملىكەت پرېزىدېنتى ھوسنى مۇبارەكمۇ بولدى.

ئا ق ش، ئانگلىيە، فرانسىيە ۋە بىر قاتار باشقىمۇ مەملىكەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى پرېزىدېنت مۇبارەككە تېررورىستىك ھەرىكەتنى قەتئىي ئەيىبلەش تېلگراممىسىنى ئەۋەتتى.

گوروگە ئېلىنغانلار ئازات قىلىندى

داغىستاندا گوروگە ئېلىنغان تورت فرانسۇز ئازات قىلىندى ۋە فرانسىيەنىڭ موسكۋادىكى ئەلچىخانىسىنىڭ غەمخورلۇغى ئاستىدا بولۇۋاتىدۇ. ئۇلار 2 - ئاۋغۇستتىن 3 - ئاۋغۇستقا ئوتىدىغان كېچىسى ماخاچكالىدا نامەلۇم شەخسلەر تەرىپىدىن تۇتقۇنغا ئېلىنغان ۋە تەخمىنەن چېچەنىستان تېررىتورىيەسىگە ئېلىپ كېتىلگەن. گوروگەئېلىنغانلارنىڭ ئۈچى فرانسىيەنىڭ «ئېكىلىېر» خەيرىخاھلىق تەشكىلاتىنىڭ خادىملىرىدۇر.

پارىژنىڭ رەسمىي ھاكىمىيەت ئورگانلىرى روسسىيە ھاكىمىيىتىگە گوروگە ئېلىنغانلارنى ئازات قىلىشتا كورسەتكەن ياردىمى ئۈچۈن مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

تاجىكستاندا يەنە ئادەملەر ئوغرىلاندى

تاجىكستان مەخسۇس خىزمەت ئورگانلىرى 18 - نويابىردىن 19 - نويابىرغا ئوتىدىغان كېچىسى تاجىكستاندىكى خەلق ئارا تەشكىلاتلىرىنىڭ خادىملىرى - فرانسىيە پۇخراسىنىڭ ئائىلىسىنى ئوغرىلاپ كەتكەن جىنايەتچىلەرنى ئىزدەۋاتىدۇ. جۇمھۇرىيەت ئىچكى ئىشلار مىنىسترلىكى شتابىنىڭ نۆۋەتچىسى سېرگېي سىرودژىۋنىڭ خەۋەر قىلىشچە، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ م د ھ ئەللىرىگە تېخنىكىلىق ياردەم كورسىتىش پروگراممىسى ۋاكالەتخانىسىنىڭ خادىمى فرانك - ژانيىي دوبرىي ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى، ب م ت نىڭ قاچاقلار ئىشلىرى بويىچە ئالىي كومىسسارىنىڭ باش قارىسى مىسسىيەسىدە ئىشلەۋاتقان كارىن مانىن تېررورىستلارنىڭ قۇرۇۋانلىرى بولغان. ھازىرغىچە تەرەڭچىلەرگە ئۇلارنىڭ قانداق، قايسى ۋاقىتلاردا ئوغرىلانغانلىغى توغرىلىق ھېچ نەرسە مەلۇم ئەمەس.

ئىراققا باغلىق مەۋقەنى سېلىشتۇرىدۇ

ئا ق ش پرېزىدېنتى ب. كلىنتون ئىراق ۋە ب م ت ئوتتۇرىسىدىكى ھازىرقى قارشى تۇرۇشقا نىسبەتەن روسسىيە، ئۇلۇق برىتانىيە ۋە فرانسىيە رەھبەرلىرى بىلەن تېلېفون ئارقىلىق كونسۇلتاتسىيەلەرنى ئوتكەزدى. بورىس يېلتسىننىڭ مەتبۇئات خىزمىتىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ئا ق ش، ۋە روسسىيە پرېزىدېنتلىرىنىڭ سوھبىتىدە ۋەزىيەتنى تەرتىپكە كەلتۈرۈش بويىچە خەلق ئارا تەشكىلاتلارنىڭ ھەرىكەتلىرىدەك ئاساسىي كۆچ دىپلوماتىك ھەرىكەتنى ئاكتىپلاشتۇرۇشقا قارىتىلىشى كېرەكلىكى تەكىتلەندى.

«ئەركىنلىك جەڭچىلىرى» ئوزگىرىشلەرنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ

گروزنىي شەھىرىدە «ئەركىنلىك جەڭچىلىرى» ۋەتەنپەرۋەرلەر كوچىلىرى ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلتىيى بولۇپ ئوتتى. مەزكۇر ھەرىكەت موشۇ يىلنىڭ ياز ئېيىدا چېچەنىستاننىڭ ئېكس - پرېزىدېنتى زېلىمخان ياندارىيېۋ ۋە دالا كوماندىرى سالمان رادۇيېۋ تەرىپىدىن قۇرۇلغان. «دىنامو» ستادىيونىغا چېچەنىستاننىڭ قارشى تۇرۇش جەڭچىلىرىدىن ۋە دالا كوماندىرلىرىدىن تەركىب تاپقان بىر يېرىم مىڭغا يېقىن ئادەم يىغىلدى. قۇرۇلتايغا چېچەنىستاننىڭ ھازىرقى ئىچكى ئىشلار مىنىسترى كازبېك ماكاشېۋ ۋە ۋىتسە - پرېمىېر رۇسلان گېلايېۋ قاتناشتى. قۇرۇلتاي موشۇ يىلنىڭ ماي ئېيىدا ئىمزالانغان روسسىيە - چېچەنىستان كېلىشىمىنى كۇچىدىن قالدۇرۇشنى، جۇمھۇرىيەت ھوكۇمىتى تەركىۋىنى ئوزگەرتىشنى ھەم جۇمھۇرىيەتنىڭ تاشقى ۋە ئىقتىسادىي سىياسىتىنى قايتا قاراپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى.

«ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچىسى «يېڭى ھايات» گېزىتلىرى رېداكسىيەسىنىڭ كوللېكتىۋى پېشقەدەم مەرىپەتچى، گېزىتلىرىمىزنىڭ جانكويەرى

ئەخمەت ئىلىيېۋنىڭ

ۋاپات بولۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن مەرھۇمنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتىغا، ئۇرۇق - تۇققانلىرىغا چوڭقۇر قايغۇرۇپ تەزىيە بىلدۈرىدۇ.

ئالمۇتا ۋىلايىتى، تالغىر ناھىيەسى، كالىنىن يېزىسىدىكى بىر توپ دوست - بۇرادارلىرى، مەشرەپ ئەھلى يۇرتىكى ھورمەتلىك كىشىلەرنىڭ بىرسى

ئايۇپ ئەيساروۋنىڭ

ۋاپات بولۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن مەرھۇمنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتىغا، ئۇرۇق - تۇققانلىرىغا چوڭقۇر قايغۇرۇپ تەزىيە بىلدۈرىدۇ.

باش مۇھەررىر ي. ئازاماتوۋ.

يېڭى ھايات

ئالمۇتا، 480044
ئېپەك يولى كوچىسى
50 بىنا، 8 - قەۋەت

گېزىتنى تەسىس قىلغۇچى: قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەخبارات ۋە جەمئىيەتلىك رازىمەنلىك مىنىسترلىگى.

تىراژى 3216
زاكاز 9753

تېلېفونلار: قوبۇلخانا - 59 - 84 - 33،
مەسئۇل كاتىپ - 01 - 92 - 33،
كاتىبات بولۇمى - 27 - 86 - 33، ئىجتىمائىي - سىياسىي بولۇمى 06 - 86 - 33
ئەدەبىيات ۋە سەنئەت بولۇمى - 81 - 86 - 33،
ئىختىسات بولۇمى 17 - 86 - 33.

«Йеңи хаят» (Новая жизнь) индекс 65359, приложение республиканской общественно-политической газеты «Уйгур авази», регистрационное свидетельство №480, выдано Министерством печати и массовой информации Республики Казахстан.
Газета отпечатано в республиканском газетно-журнальном Издательстве «Дәуір», Алматы, 480044, пр. Достык,7/4

گېزىتىمىز سەھىپىلىرىدە بېسىلغان ماقالىلار مۇئەللىپلىرىنىڭ مەۋقەسى تەھرىراتىمىزنىڭ مەۋقەسى بولۇپ ھېساپلانمايدۇ. تەھرىراتتىن ماتېرىياللار قايتۇرۇلمايدۇ ۋە جاۋاپ بېرىلمەيدۇ.